

# ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# ئۇيغۇر خەلق تارىخى قوشاقلىرى

توپلاپ رەتلىگۈچى : ئۈچقۇنجان ئۆمەر

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىبراھىم نىياز
توختى ئابىخان

FROM THE LIBRARY OF GULAMETTIN PAHTA
EAST TURKISTAN NATL RESEARCH CENTER INC

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

## مۇندەرىجە

بەت


| | |
|---|---|
| خەلق قوشاقلىرى ـ زامانىنىڭ ئەينىگىدۇر .......... | |
| نوزۇگۇم قوشاقلىرى .......... | 1 |
| گۈلەمخان قوشىغى .......... | 19 |
| سادىر پالۋان قوشاقلىرى .......... | 22 |
| بايانداي ئۇرۇشى ھەققىدە .......... | 33 |
| مايىمخان قوشىغى .......... | 37 |
| كوچ ـ كوچ قوشىغى .......... | 39 |
| سارى جاز قوشىغى .......... | 43 |
| ئالىمخان ھەققىدە .......... | 45 |
| سىيىت نوچى قوشاقلىرى .......... | 46 |
| لاشمان قوشاقلىرى .......... | 64 |
| ئامبال زۇلـۇمى ھەققىدە .......... | 82 |
| ئابدىقادىر داموللام ھەققىدە .......... | 83 |
| قايقا داۋان قوشىغى .......... | 89 |
| تاش ئاخۇنۇم ھەققىدە .......... | 93 |
| زالىم قازىلار ھەققىدە .......... | 95 |
| خالىق قوشىغى .......... | 96 |
| مىللى نەغمە قوشىغى .......... | 104 |
| ئاچىل .......... | 105 |
| سارىخان قوشىغى .......... | 109 |
| رىزۋانگۈل ھەققىدە .......... | 111 |
| ئامىنەم ھەققىدە .......... | 113 |
| قەمبەرنىسا قوشىغى .......... | 114 |
| ئاق دادام .......... | 116 |

# خەلق قوشاقلىرى - زامانىنىڭ ئەينىگىدۇر

(كىرىش سۆز ئورنىدا)

خەلق قوشاقلىرى-بىر ئەلنىڭ ئەينى زامانىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى چۈشەندۈرىدىغان پاكىتتۇر. ئۇ، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى تىپىك مىسالى بويىچە سۈرەتكە ئېلىپ تۇرىدىغان كىنو ئوپېراتورى. بىر جەمىيەتنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەكشۈرمەكچى ئىكەنسىز، ئەينى زامانىدىكى خەلق قوشاقلىرىغا مۇراجەت قىلىڭ.

ئۇيانىمۇ زەيكەش،
بۇيانىمۇ زەيكەش.
ۋاي تار جاھان،
ئارقامدىن ئەگەش.

شىنجاڭدا شىڭشىسەي زامانىدا چىققان بۇ قوشاق 1932-يىلدىن 1941-يىللارغىچە باندىت شىڭ دۇبەننىڭ ئۆزىنىڭ مىللىتارىستلىق ھوكۇمرانلىقىنى چىڭىتىشتا، كەڭ ئاممىنى قىرىش-چېپىش ۋە تۈرمە-زىندان قاتارلىقلارنى ئەۋج ئالدۇرغان، خەلققە تېچ بىر نەپەس ئېلىش، نە ئۇيان، نە بۇيانغا مىدىرلاش ئەركىنلىكىنى بەرمىگەن دەۋرىنى سۈرەتلەيدۇ. مەزكۇر قوشاقنىڭ 3- مىسراسىدىكى „ تار جاھان “ بەزىدە سىياسىي خەۋپ يۈزىسىدىن، ئاشكارا ئوقۇلۇشتا گەرچە „ تاجىخان “ دىگەنگە يۆتكەلسىمۇ، قوشاقنىڭ ئەسلى چىقىرىلىش مەقسىدى

ۋە 1ـ، 2ـ مىسرالىرىنىڭ پىكىر تەقەززاسى ئۇنىڭ ئىنتو « تار جاھان » دەپ قوشاققا قوشۇلغانلىقىنى كورسۇتۇپ تۇ- رىدۇ. ئۇ « تار جاھان » بىاندىت ۋە چوڭ تۇرمىچى شىڭ دەۋرىدىكى تار جاھان ئىدى.

ئۇنىڭ ئالدىدىكىراق جەمىيەتكە خەلق قوشاقلىرى نۇقتىسىدىن نەزەر سالايلى:

ماتىتەي تۈلۈم ساچقان،
ئالۋاڭنى تولا چاچقان.
خاننىڭ گىپىگە كىرمەي،
دارغا ئىسىلىپ ياتقان.

مىلادى 1925ـ يىللىرى شىنجاڭ رايونىنىڭ ھاكىمىيەت تەختىدىكى مۇستەبىت ھوكۇمەت قەشقەر، يەكەن قاتارلىق ئالتە شەھەر تەرەپتە ماتىتەي قاتارلىق قىرى تۇڭگوزلارنى مەنسەپدار قىلىپ كوتۇرۇش ئارقىلىق ئوزىگە ياققىدەك سەمرىتكەن ئىدى. ئۇ، ئوز ئىتى « ما » نىڭ بارا-بارا ھاك- كىسى يۇقۇرى كوتۇرۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ھەم مەمۇرىي، ھەم ھەربى ھوقوقىنى قولىغا كىرگۈزۈپ، تىتەي دىگەن ئاتاق بىلەن ئوزىنى كوزگە ئىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا مەز- كۇر « ما »غا يەنە بىر « ما » ( ماشۇۋۇ ) نى سىپلىش ئارقىلىق ئۇنى گورغا ئۇزاتقان. ماتىتەينىڭ تىپىك ھەر- كىتى ۋە ئاقىۋىتىنى، ئۇنىڭ دەۋرىدىكى قەشقەرنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائى ھالىتىنى شۇ بىر خەلق قوشىغىلا خۇلاسە قىلىپ ئىيتىپ بىرىدۇ. دەرۋەقە، ماتىتەي قىزىل- بويىدىن چىققان نىفىتنىڭ دۇغىنى موم ئىقىتىپ ساتتۇرۇپ، بەلكىم ئۇنى سىپتۇىلىشنى خەلققە ئالۋاڭ تەرىقىسىدە تىڭىپ

زۇلۇم قىلغان. شۇڭا ئۇ، خەلق تەرەپتىن « مومچى تاز » دىگەن لەقەمگە ئىگە بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ناھايىتى ھاكاۋۇرلىشىپ، خانىنىڭ ـ ئۆزىدىن يۇقۇرى مەمۇرنىڭ يارلىقىغا بويسۇنماي، ئۆزى خان ـ ئۆزى بەگ بولىۋالغان. نەتىجىدە خەلقىنىڭ ئاھى ۋە ئەينى دەۋردىكى ھاكىمىيەتنىڭ يۇقۇرى دەرگاھى ئۇنى دارغا ھوكوم قىلغان. مەزكۇر تورت قۇرقوشاق بىزگە كام دىگەندە ئەنە شۇ چاغدىكى جەمىيەتنىڭ 4 خىل ئەھۋالىنى چۈشەندۈرىدىغان پاكىت رولىنى ئوينايدۇ.

بىرىنچى، ھاكىمىيەت: مەنسەپدارلار ئارا چوڭ ـ كىچىكلىك تالىشىش، يۇقۇرى ـ تۆۋەنلىك تالىشىش، كىرەك بولغاندا چوڭ بىلىق كىچىك بىلىقنى يىيىش.

ئىككىنچى، سىياسەت: ئۇ چاغلاردا خەلق گويا كى ھوكومەتنىڭ ئىمىدىغان ئەمچىگى بولۇپ، ئىشچى، دىخان، تىجارەتچى، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار ئالۋاڭ ـ ياساق تىگىدە يەنجىلگەن.

ئۈچىنچى، سانائەت: شىنجاڭدا 1920 ـ يىللىرى تىخى نىفىت كانلىرىنى ئىچىپ پايدىلانغىدەك سانائەت يوق. ئىجتىمائى تەرەققىيات نىفىت بۇلاقلىرىغا چومۈچ سىلىپ يۈرۈش ئەھۋالىدا ئىدى.

تۆتىنچى، ئىبرەت: كىمكى خەلققە زۇلۇم قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ماتىتەيىنىڭكىدەك بولىدۇ. شۇ نوقتىلاردىن قارىغاندا، خەلق قوشىغى ھەر بىر زاماننىڭ ئەينىگىدۇركى، ھەر بىر جەمىيەت ئۆزىنىڭ ھەقىقى چىرايىنى بۇ ئەينەكتە كورىدۇ . بۇ مۇقەررەرلىكتۇر. قولىڭىزدىكى ئەينەكمۇ شۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىدۇ.

بۇ ئەينەكتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر قاتار ئىجتىمائى، سىياسى، ئىقتىسادىي ئەھۋاللارنىڭ ئەيـ

نى زاماندىكى مەنزىرىسى كورۇنۇدۇ، بۇ هادىسىدىن ماهىيەت.
نى كورۇشتە هوججەتلىك رول ئوينايدۇ.

ئەنە، نوزۇگۇم! ئۇ، ئۇيغۇر ئايالىرىنىڭ ئوز ئىنسانىي هو-
قۇقىنى قانداق قوغدىغانلىغىنى نامايىش قىلغۇچىلارنىڭ ۋە-
كىللىرىدىن بىرى. ئۇ، ئاياللارنىڭ توغرا مۇهەببەت، توغرا
تۇرمۇش، ئىپپەت - نومۇسى ۋە ئىززەت - ئابرويىنى مۇها-
پىزەت قىلىشتا، بېشىغا كەلگەن هەر قانداق مۇشەققەتنى پە-
سەنت قىلمىغان بىر ئۇيغۇر ئايىلى.

مەن قەشقەردىن چىققانچە،
تۇشەك سېلىپ ياتقان يوق.
ئانام ئورگەن چېچىمغا،
تاغاق سېلىپ باققان يوق.

ئۇچ كۇن ياتتىم قومۇشتا،
مېنى ئىزدەپ كېزەرمىش.
تاپالماي مەن نوزۇكنى،
ئىتتەك ماراپ يۇرەرمىش.

قومۇشلارغا ئوت قويسا،
قېچىپ كىرەي دەرياغا.
هەرگىز خوتۇن بولمايمەن،
قالماق ئامبال ئەبگاغا.

ئەنە، قەمبەرنىسا! ئۇ، ئوزىدىن قېرى كىشىگە تۇرمۇشقا چى-
قىشقا، ئوزىنىڭ ئىختىيارلىغى بولمىغان توينى قىلىشقا ئۇنىمى-
غان ئۇيغۇر قىزلىرىدىن بىرى. ئۇ، ئوز ئىرادىسىغا خىلاپ ئىشقا
بويسۇنۇشتىن كورە ئولۇمنى ئەلا بىلىدۇ - دە، مۇهەببەت مىزا-
نىنى هىمايە قىلىش يولىدا قۇربان بولىدۇ. خەلق قوشىغى
ئۇنى توۋەندىكىچە سۇرەتكە ئالغان. قەمبەرنىسانىڭ ئانىسى

قوشاق قېتىپ مۇنداق يېغىلىغان ئىدى:

قەمبەرنىسا بىر گۈل ئىدى،
شېخىدا سايرىغان بۇلبۇل ئىدى.
ئۇل بىر خۇدانىڭ تەقدىرى،
ئىككى قىزىمدىن ئايرىدى.

بىر قولىدا باردۇر قايچىسى،
بىر قولىدا باردۇر يىڭنىسى.
بۇلتۇر ئۇلۇپتۇ ئاچىسى،
بۇ يىل ئۇلۇپتۇ سىڭلىسى.

جېنىم بالام قەمبەرنىسا،
ئۇتتۇڭ يامان مەرەمنىسا.

بۇ بىر ئەينەكتە قىز - يىگىتلەرنىڭ ئۆز - ئارا خالاش
ئان ئىختىيارى مۇھەببەت، نىكا ئەركىنلىكى، ۋەتەن سۆيۈش
بولىدىكى كۆرەش ئوبرازلىرىغا خېلى كوپ ئورۇن بېرىلگەن
لىگىنى مۇشاھىرە قىلدۇق. بۇ ھەقتە ئويمان بۇلاقلىق گۈلەم
خان توغرىسىدىكى قوشاقلار ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ
قوشاقلاردا بىر ياش دىخان قىزنىڭ يۇرت ئەمەلدارى
ناگيۇ چولاققا خوتۇن بولۇشقا قارشى چىققانلىغى ۋە ئۇنىڭ
ۇ پىكرىنى ئامىنىڭ قوللىغانلىغى ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ ئەينەكتىكى «تاش ئاخۇنۇم» نىڭ ئوبرازى - دىيا-
ىمىزنىڭ، خۇسۇسەن قەشقەرنىڭ مۇندىن 70 - 80 يىل بۇرۇن-
ى ئىجتىمائى، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى بىلىشتىكى تۇپماتېر-
ياللاردىن بىرى. تاش ئاخۇنۇم شۇ چاغلاردىكى ئالتە شەھەر تەرەپ-
ىن بولغان ئېگىلىك باشقۇرۇش، قول سانائەتنى راۋاجلاندۇ-
رۇش، زاۋۇت- كارخانا قۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا ئىنتىلگەن
ۋە سانائەت تەرەققىياتىغا قارىتا كوزى ئېچىلغان مىللى بۇر-

ۋۇئازىيىسىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ، پاختا زاۋۇدى، سەرەڭگە زاۋۇدى، تېرىگە ئىش قوشۇش، شاتىۋار - سەگەز كارخانىسى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ ئىشچى ئىشلىتىدۇ. بۇ ھەقتىكى قوشاق يۇرتىمىزنىڭ ئەينى زاماندىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئۆلچىمىگە شاھىت بولىدۇ، پۇل ئىشقىدىكى بىر باينىڭ ئۇنى يىغىشتا نە قەدەر قاتتىق بولىدىغانلىقىنى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ:

تاش ئاخۇنۇم تاش ئىكەن،
ئالغان خوتۇنى ياش ئىكەن.
خامغا ئۇششاق گۈل بېسىپ،
ئامبال بىلەن باش ئىكەن.

ئاسماندىكى ئاينى كورۇڭ،
تاش ئاخۇنۇم باينى كورۇڭ.
ئىشلەپ ھارغان مەدىكارغا،
سەرلەپ بەرگەن ناننى كورۇڭ.
... ... ... ... ... ... ... ... ... ...

دىمەك، بۇ ئەينەكتە كورسۇتۇلگەن تارىخنىڭ ئوبرازلىق دەستۇرى تارىخى پاكىت ۋە دېلىل - ئىسپاتلار بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان تارىخى دەۋرلەردىكى ۋاقە ۋە ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى پايدىلىق تارىخى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بىزنىڭ بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇشۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك، تەرەققىپەرۋەرلىك بىلەن يۇغۇرۇلغان تارىخى قوشاقلىرىمىزنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت گۈلزارىمىزدا تېخىمۇ كوپلەپ خۇشپۇراق گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇش - بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان شەرەپلىك بۇرچىمىز.

توپلاپ رەتلىگۈچىدىن

# نوزۇگۇم قوشاقلىرى

مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرى 1644 - يىلى پۈتكۈل جۇڭگوغا هۆكۈمرانلىق قىلغاندىن تارتىپ، تاكى 1911- يىلدىكى شىنخەي ئىنقىلاۋىدا ئاغدۇرۇلغانغا قەدەر بولغان 260 نەچچە يىل جەريانىدا، چېكىدىن ئاشقان فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمنى يولغا قويۇپ، هەر مىللەت خەلقىنى دەهشەتلىك ئېزىپ، ئۇلارنىڭ قان- تېرى بەدىلىگە ئەيشى- ئىشرەتلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەملىكىتىمىزنىڭ هەرقايسى جايلىرىدا دېخانلار، قول هۈنەرۋەنلەر ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلقنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىت هۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭلىرى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلدى. بولۇپمۇ جاچىڭ، داۋگۇاڭ يىللىرىدا دېخانلار قوزغىلاڭلىرى يۇقىرى پەللىگە يەتتى. قەشقەر خەلقىنىڭ مانجۇ هۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى كۈرىشى ئەنە شۇ جاچىڭ دەۋرىدە كۆتۈرۈلگەن ئىدى.

مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرى شىنجاڭنى كونترول قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ئەڭ ئەۋۋەل بويسۇنغان قۇمۇل، تۇرپاندىكى فېئودال هۆكۈمرانلارنى قول چوماق قىلىپ، ئۇلارغا ئالاهىدە ئىمتىياز- هوقۇق بېرىپ، شۇلار ئارقىلىق ئۆز هۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتتى. ئۇلار يالغۇز ۋاڭ- گوڭ مەرتىۋىلىرىگە ئىگە بولغاندىن سىرت، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى هەرقايسى ۋىلايەت، ناهىيە، شەهەرلەرنىڭ هاكىم بېگى، بېگى قاتارلىق مەنسەپلەرگىمۇ تەيىنلەندى. ئۇلار چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمرانلىرىنى ئۆزلىرىگە

ئارقا تىرەك قىلىپ، يەرلىك فېئودال ئاقسۆڭەكلەر بىلەن تىل
بىرىكتۈرۈپ، يەرلىك خەلقنى ئاياق-ئاستى قىلدى ۋە بۇلاڭ-تالاڭ
قىلدى، خوتۇن-قىزلارنىڭ ئىپپەت-نومۇسىغا تەگدى. خەلق ياشاش
ئىمكانىيىتىدىن ئايرىلدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا،
1826-يىلى قەشقەر خەلقى قوللىرىغا قورال ئېلىپ، مانجۇ ئىستىب-
داتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، چىڭ
سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاجىزلىتىپ، ھاكىم-بەگلەرنىڭ
ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردى، بىراق، قوزغىلاڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى
جەھەتتە دۈشمەننى بېسىپ چۈشەلمىدى، دۈشمەن كۈچلۈك، ئۆز
ئاجىز بولغان ئەھۋال ئاستىدا قانلىق باستۇرۇلدى.

مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى قەشقەردىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى
باستۇرغاندىن كېيىن، يەنىلا خاتىرجەم بولالماي، ئۆزلىرى
„گۇمانلىق“ دەپ قارىغان كىشىلەرنى تىزىملاپ، ئىلىغا مەجبۇرى
كۆچۈرۈپ، ئېغىر ئەمگەككە سېلىپ، ئىلىدا تۇرۇشلۇق
مانجۇ چېرىكلىرىنى بېقىشنى تەمىن ئەتتى. ئەنە شۇلارنىڭ
ئىچىدە يۇرت - ماكانى، ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلغان قەشقەر
شەھەرلىك نوزۇگۇممۇ بار ئىدى.

نوزۇگۇم ئىلىغا كېلىپ ئەمەلدار مۇڭغۇلنىڭ ئۆيىدە ما-
لاي بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن ئاكىسى ئابدىقادىرنى تاپىدۇ.
ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئۇ، مۇشۇ ئۆيدە مالاي بولۇپ ئىشلەپ
يۈرگەن باقى دېگەن يىگىت بىلەن تونۇشىدۇ. نوزۇگۇم بىلەن
باقى بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. لېكىن، ئەمەلدار
مۇڭغۇل نوزۇگۇمنى ئېلىشنى كۆزلەيدۇ. بۇنى سەزگەن باقى
نوزۇگۇمنىڭ ئاكىسى بىلەن بىرلىشىپ، نوزۇگۇمنى ئەمەلدار-
دىن قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، تۈرلۈك ئامال-چارىلارنى قىلىپ

باقىدۇ. بىراق مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. ئەمەلدار موڭغۇل ئاخىر ياش نوزۇگۇمنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولۇدۇ. نوزۇگۇم ئەمەلدارغا يالغاندىن ماقۇل بولۇدۇ ۋە توي كۈنى ئاخشىمى ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى يالغۇز قومۇشلۇققا قېچىپ كىتىدۇ. شۇچاغدىكى ئەكسىيەتچى هوكۇمەت چىرىك چىقىرىپ، ئىزدەپ يۈرۈپ نوزۇگۇمنى تۇتۇپ كېلىدۇ ھەمدە ئۆلۈمگە هوكۇم قىلىپ چېپىپ ئۆلتۈرگۈزىدۇ . نوزۇگۇم قوشاقلىرىدا نوزۇگۇمنىڭ قەيسەر ئىرادىسى ، سەمىمى، ساپ، سادىق پەزىلىتى، خەلققە ۋە يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ، تىز پۈكمەس كورەشچان روهى ئىپادىلەنگەن. شۇڭا، بۇ قوشاقلار خەلقىمىز ئىچىدە ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

نوزۇگۇمنىڭ ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان چاغدا ئاتىسىغا ئېيتقان قوشىقى:

خەيىر ئاتا، مىهرىۋانىم،
غەمگۇزارىم ياخشى قال.
كوزلۇرۇم ئاقۇ ـ قاراسى،
تەندە جانىم ياخشى قال.

رازى بول، جىنىم ئاتا،
ئاقلالمىدىم بەرگەن تۇزۇڭ.
گەر قازا يەتمەي ئامان
كەلسەم قىلارمەن خىزمىتىڭ.

بىلله ئويناپ، بىلله ئوسكەن،
يارۇ ـ دوستلار ياخشى قال.
كىندىك قېنىم توكۇلگەن،
قەشقەر شەهرىم ياخشى قال.

زالىم دوۋاك① يىغلاتتى،
يوقسۇللارنى قاخشاتتى.
ياش دىمەدى - يا قېرى،
ئاپپىرىپ پۇلغا ساتتى.

گۇناسىز مەسۇملارنىڭ،
بېشىغا قىلىچ چاپتى.
نى يىگىتلەر، ياش قىزلار،
ئەرك ئۈچۈن قانغا پاتتى.

يانسۇن! يانسۇن!زالىملار-
تاجۇ - تەختى گۇم بولسۇن!
ئەركىنلىك دۈشمەنلىرى،
يەر بىلەن يەكسان بولسۇن.

نوزۇگۇمنىڭ ئاتىسىنىڭ قوشىغى:

خەيىر، قىزىم نوزۇگۇم،
ئەقلى تازا قۇندۇزۇم.
كۇلپەت چۈشتى بېشىڭغا،
تۇتقۇن بولدۇڭ شورلۇغۇم.

كويدۇرسە كويمەس ئىدىم،
ئەمدى كويدۇم كۈل بولدۇم.
غازاڭ بولغان باغلاردەك،
سارغىيىپ سامان بولدۇم.

دوۋاك① ئاپەت بىر بەتبەخت،
قىلمىدى ھېچبىر شەپقەت.

① قوزغولاڭنى باستۇرغۇچى ئەمەلدار

ئاپپاق ساقال يۇلۇنۇپ،
دەرت ئۈستىگە بولدى دەرت.

شىرىن قىزىم نوزۇك ئاي،
ئاكاڭدىنمۇ ئايرىلدىم.
ھېچكىم مەندەك بولمىغاي،
قاناتىمدىن قايرىلدىم.

نوزۇگۇمنىڭ بېشىغا چۈشكەن دەرت - ئەلەملەرنى ئەسلەپ ئېيتقان قوشىغى:

توگىلەر ئاغزى قامغاقتا،
بىر ئاكام بار قالماقتا.
قالماقنىڭ شۇم نىيىتى،
مەن نوزۇكنى ئالماقتا.

توگىلەر بېشى - تاغ بېشى،
مولچەرىمىز يار قېشى.
شۇ مولچەرگە يەتكەندە،
توختىمايدۇ كوز يېشى.

يوللارنى تولا مېڭىپ،
ھالسىزلىنىپ تېلىقتىم.
مەن بۇ يەرگە كېلىپلا،
يامان كوزگە چېلىقتىم.

يالاڭ ئاياق سۇ كەچتىم،
تاغنىڭ سۇيىنى ئىچتىم.
چىدىماي قالماق زۇلمىغا،
ئەزىز جېنىمدىن كەچتىم.

ھاۋانى بۇلۇت باستى،
قار- يامغۇرلار ياققىلى.
قانداق چاغدا تورەلدىم،
دەرت - ئەلەملەر تارتقىلى؟

ئاسماندىكى سا بولدۇم،
يوللار يۈرۈپ خار بولدۇم.
ئاكام قالدى قالماقتا،
بىر كورمەككە زار بولدۇم.

تاغدىن چۈشكەن تورت ئاتلىق،
توتىلىسى بوز ئاتلىق.
تورت ئاتلىقنىڭ ئىچىدە،
مېنىڭ ئاكام سۇمباتلىق.

ئايىغىمدا كىشەن بار،
قوۋۇق قىسار بوينۇمنى.
مىدىر قىلماس بوپ قالدىم،
كويزا قىسىپ قولۇمنى.

چورۇق كەيگەن ئاياققا،
تومۇر ئىشكەل بوش كەلدى.
جېنىم ئاتام قېشىدىن
بۇ يىللاردا كىم كەلدى؟

سەل ئەمەستۇر ئاققۇچى،
كوزدىن ئاققان يېشىمىز.
قامچا، تاياق ئاستىدا،
ئوتەرمۇ بۇ بېشىمىز؟

نوزۇگۇمنىڭ قېچىپ بېرىپ، قومۇشلۇق ئىچىدە ئېيتقان قوشىغى:

ئالته ئاي ياتتىم قومۇشتا،
قومۇش ئارىلاپ كۈن چۈشتى.
مەن نوزۇگۇمنىڭ بېشىغا،
تاغدىن ئېغىر مۈڭ چۈشتى.

خۇدا سالدى بۇ ئىشقا،
نىيەت پۈكتۈم قېچىشقا.
قالماق چېرىكلىرى يامان،
ئوت قويارمۇ قومۇشقا؟

ئۈچ كۈن ياتتىم قومۇشتا،
مېنى ئىزدەپ كىزەر مىش.
مەن نوزۇگۇمنى تاپالماي،
ئىتتەك ماراپ يۈرەرمىش.

قومۇشلارغا ئوت قويماس،
مەن نوزۇگۇمنى تۇتالماس.
مەن نوزۇگۇمنى تۇتقاندا،
ئۆلتۈرەر، تىرىك قويماس.

ئۇنتۇمايمەن باقىمنى،
قومۇشلۇقتا ياتساممۇ.
كوڭلۈم ئۇندىن ئايرىلماس،
ئەلەم - كۈلپەت تارتساممۇ.

خۇدايىم بەرگەن غۇنچەمنى،
سولۇن ياۋۇز ئۈزەلمەس.

باقى يىگىت، مەرت يىگىت،
زالىم قالماق كورەلمەس.

بۇلبۇل ھەرگىز سايرىماس،
ئالتۇن بالداق قەپەزدە.
مەن باقىمنى ئويلايمەن،
كېچە ـ كۈندۈز، سەھەردە.

توگىلەر ياتار ئويدا،
باش بۇيلىسى بوينىدا.
تۇتسا قالماق نوزۇكنى،
ئۇرۇپ ـ قىيناش كويىدا.

چول ـ جەزىرە ئىچىدە،
يوقتۇر بىرەر ھەمرىيىم.
قومۇشلۇقتا دەرت تارتىپ،
ئوتتى كۈنۈم ئاچ ـ زىرىن.

ماڭساڭ قەشقەر يولىغا،
قەشقەر يولى، يول بولغاي.
نوزۇك ئاجىز بەدەننى،
بىر خۇدايىم ساقلىغاي.

نوزۇك ئوزى تۇتقۇندا،
غېرىپ ئاكام پوشقۇندا.
مەن نوزۇكنىڭ دەردىدە،
باقى كويەر يالقۇندا.

قومۇشلارغا ئوت قويسا،
قېچىپ كىرەي دەرياغا،

ھەرگىز خوتۇن بولماسمەن،
قالماق ئامبال ئەبگاغا!

نوزۇگۇمنىڭ جاڭگاللىقلاردا يۈرۈپ، دادىسىنى ئەسلەپ
ئېيتقان قوشاقلىرى

مەن قەشقەردىن چىققانچە،
تۈشەك سېلىپ ياتقان يوق.
ئانام ئورگەن چېچىمغا،
تاغاق سېلىپ باققان يوق.

كورەلمىدىم ئاتامنى،
ئاڭا قېنىپ باققان يوق.
مەن نوزۇكتەك ھېچ خوتۇن،
يالغۇز چولدە ياتقان يوق.

قايناپ تۇرغان قازانغا،
چومۈچ سېلىپ باققان يوق.
ئالتاي ياز قېچىپ يۈرۈپ،
تەكيى قويۇپ ياتقان يوق.

تاغدىن چۈشكەن لاي سۇنى،
سۈزۈپ ئىچەر ئەر قېنى؟
مىنى قەشقەر شەھرىگە،
ئېلىپ كىتەر ئەر قېنى؟

جان ئاتامنى كورەلمەي،
ئولۇپ كىتەر بولدۇم مەن.
قالماقلارغا تۇتۇلۇپ،
سۇلۇپ كىتەر بولدۇممەن.

ئاخىر بولدۇم ئاشكارە،
يوشۇرۇنغىلى يەر بارمۇ؟
باشقا قاتتىق كۈن چۈشتى،
ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟

نوزۇگۇمنىڭ ئاشىغى باقى يىگىتنىڭ ئېغىر كۈنـ
لەردە نوزۇگۇمنى سېغىنىپ ئېيتقان قوشىغى

ئالتەئاي باقتىم قويۇڭنى،
بىر كورمىدىم بويۇڭنى.
بىرەر كورسەم بويۇڭنى،
قانداق قىلاي تويۇڭنى؟

قويچى بولماس ئەر ئىدىم،
قويچى قىلدىڭ، ئەي نوزۇك.
قالماقنى خوي قاخشاتقان
نوچى قىلدىڭ ، ئەي نوزۇك.

توگە چاينار تال بېشى،
مىنىڭ جايىم يار قېشى.
نوزۇگۇمغا مەن ئامراق،
مەڭگۈ كوڭلۈم سىردىشى.

تال بويۇڭنى كورۇشكە،
تالچى ئاكاڭ ئارماندا.
«نوزۇگۇم» ـدەپ ئىزدەيدۇ،
دەرتلىك كوڭلۈم ئارقاڭدا.

سەن مىنىڭدىن سورىما،
بىل قاراپ چىرايىمدىن.

ئاشىق - مەشۇق بىر ئۇتسۇن،
تىلەيمەن خۇدايىمدىن.

دارىن① ئويى ھەيۋەتلىك،
مىنىڭ يارىم سولەتلىك.
باقى بىلەن نوزۇگۇم،
ئاشىقتۇر قىيامەتلىك.

باقى يىگىتنىڭ ئايغاقچى بىلەن ئۇچراشقاندا ئېيتقان
قوشىغى

باقى: نوزۇك يارىم ئامانمۇ؟
ئايغاق دوستۇم، ئېيتساڭچۇ؟

ئايغاقچى: نوزۇك يارىڭ ئاماندۇر،
سۆيۈنچەڭنى بەرسەڭچۇ؟
بوگۈن نوزۇك ئويىدە،
ئىلدام بېرىپ يەتسەڭچۇ؟

باقى: ئانداق بولسا مەن باراي،
مەندىن خەۋەر ئېيتساڭچۇ؟
......................

نۇزۇگۇم: نوزۇك قولۇم باغلانـدى،
خەلق-ئالەمگە ئاڭلاندى.
باقى يارىم،سەن ئۈچۈن،
يۈرەك باغرىم داغلاندى.

باقى يىگىت كەلسەڭچۇ؟
يۈرەك باغرىم باسساڭچۇ؟

①دارىن - ئامبال

سۈيگەن يارنىڭ نوزۇگنى،
ئەندى ئېلىپ قاچساڭچۇ؟

باقى نوزۇك جىنىم ئېپ قاچاي،
ئاغى بولسا ئېيتساڭچۇ؟!

نوزۇگۇم: ئاڭا ئاغى شۇ بولۇر،
يايلاق خەلقى جىم بولۇر.
قاچقان باشتا مۇڭ بولۇر،
مۇككەن جايلار بوك بولۇر.

بىز كىتەرمىز بۇ يەردىن،
بارغان كەلمەس دىيارغا.
ئاتا ـ ئانام مۇڭ قالۇر،
كوڭۇللىرى دوق بولۇر،

ئىزدەكچىلار جىق تولۇر،
بىز بۇيەردىن كەتكەندە.
........................

بۇلبۇل قۇشنى سولاپ قويسا،
ئالتۇن بالداق قەپەزگە؛
كوڭلى ئۇنىڭ ئارام تېپىپ،
قاچماق ئويىنى قويارمۇ؟

مۇڭلۇق بولغان، غېرىپ نوزۇك،
ئامراغىغا قانمىسا؛
نوزۇك كوڭلى ئامراغىدىن،
بىردەم نېرى بولارمۇ؟

نوزۇك باشنى تۇتقۇن قىلسا،
كوڭلى ئۇنىڭ تۇتقان يوق.
يارى ئۇچۇن قۇربان بولسا،
نوزۇكباشتا ئارمان يوق.

نوزۇگۇم بىلەن باقى يىگىتنىڭ ئېيتىشقان قوشىغى

نوزۇگۇم: سەن سېغىندىڭمۇ مېنى؟
باقى: خويمۇ سېغىندىم مەن سېنى.
نوزۇگۇم، سەن قەيەردە سېغىندىڭ؟
باقى: مەن جەڭگەھدە سېنى.

نوزۇگۇم: سەن مېنىڭدىن سورىغىن،
كورگىن چىرايىمدىن ئېنى.
سەن مېنىڭ باقىم تۇرۇپ،
دەردىمنى بىلگەنىڭ قېنى؟

باقى: كۈندە كورمىدىم يارنى،
بىر كۈنى كورەرمەن دەپ.
ئۈمىت ئۈزمىدىم ياردىن،
ئولمىسەم سۈيەرمەن دەپ.

ئالتىنچى ئاي كىرگەن چاغدا،
ئارا- گۈرجەك خاماندا.
نۇزۇك يارنى كورۇشكە،
باقىيىگىت ئارماندا.

نەچچە كۈن بولۇپ كەتتى،
نوزۇك يارنى كورمۇدۇم.

تەقدىر بولسا كورەرمەن،
تېخى ئۈمىت ئۈزمۈدۈم.

ئالدىمدىن چىققان بىر تۇغ،
نوزۇك يارنىڭ ئايغىغى.
كوكۇلگە كەلگەن تۇيغۇ،
ئامراق كوكۇل باغىقى.

نوزۇگۇمنىڭ تۇتۇپ كىلىنگەندىن كېيىن، كۇرە شەھرىدىكى
ئامبالنىڭ ئويىدە تۇرۇپ ئېيتقان قوشىغى

كەپ قالدىم باياۋانغا،
چىرىك كەلدى داۋانغا.
ئون ئىككى كۈن بولغاندا،
مەن تۇتۇلدۇم قاۋانغا.

شىسەن مازى①باخشىدۇر،
ئاغىچىسى خوپ ياخشىدۇر.
دەرتنى ئېيتىپ يىغلايمىز،
دەردىمىز مۇڭ - ناخشىدۇر.

ئاتامنى مەن سېغىندىم،
ئاكامنى مەن سېغىندىم.
تىرىكمىكىن شۇ ئاتام،
خەۋەر ئۇقماي يىغلىدىم.

ئاكامغا يېتەلمەسمەن،
ئاتامنى كورەلمەسمەن.

①جوڭۇر مەنىسىدە

ئاتامنى كوروۋپ ئۇلسەم،
ھەرگىز ئارمان قىلماسمەن.

ئاكام مۇندا كىلەرمۇ؟
مىنى ئىلىپ كىتەرمۇ؟
بىر خەۋىرى يوق ئۇنىڭ،
قەشقەرگە تىچ يىتەرمۇ؟

نوزۇگۇم موگغول خوجايىنىنىڭ ئويىدىن چىقىپ كەتكەنچە، 6 ئاي قىچىپ يۇرۇيدۇ. ئۇنىڭ جاڭگاللدا قىچىپ يۇرۇپ ئىيتقان قوشىغى

ئالتە ئاي ياتتىم خاماندا،
نان پۇشۇردۇم ساماندا.
ئاجىز نوزۇك جاڭگاللدا،
ئاتام يۇرەر قاياندا؟

سۇلۇن بىرىپ يامۇلغا،
ئەرىز قىپتۇ جاڭجۇڭغا①
جاڭجۇن يايى ئىۋەتتى،
مەندەك ئاجىز خوتۇنغا.

يايى چىقتى تۇتقىلى،
ئەژدىھاردەك يۇتقىلى.
ئونبەش يايى كىلىپتۇ،
نوزۇگۇمنى تۇتقىلى.

ھىچكىم مەندەك بولمىسۇن،
بالالارغا قالمىسۇن!

---
① ھەربى ئەمەلدار

بىزگە كەلگەن دەرت-ئەلەم،
ھېچ بەندىگە كەلمىسۇن!

ئالتە ئاي بولدى يالغۇزمەن،
قەشقەر يولىنى بىلمەسمەن.
خۇدا مېنى ساقلىسۇن،
سولۇنلارنى كورمەسمەن.

نوزۇگۇمنىڭ دوك يامۇلدا تورۇپ ئېيتقان قوشىغى

ئامباللارنىڭ خاڭزىسى،
غۇلجىدا بار ھاڭزىسى①.
چاقاي دىسەم چېقىلماس،
قولۇمدىكى كويزىسى.

خۇدا بەرگەن غۇنچەمنى،
سولۇن قالماق ئۈزەلمىدى!
خوتۇن قىلماق قەستىمۇ،
قەددىمنى پۈكلەلمىدى!

ئايىغىمدا كىشەن بار،
بويىنۇمدا تاختاي تىڭگازە.
ئېلىپ قاچار نوزۇگنى،
بولسا ياخشى خوخەنزە.

يامۇلنىڭ بار ئوگزىسى،
ئونبەش غۇلاچ توغرىسى.
كورسەم ئەسكى كىگىزدۇر،
سولانغانلار موزىسى. ②

① ئوي - جايى
② قالپاق

ئەپيۇن تەرگەن سولانىنىڭ،
ئوڭگۆز ئىدى جوزىسى.
ئۇتك قولىدا داۋزىسى①،
سولقولىدا خوزىسى②.

ئەپيۇن چەككەن جاللاتلار،
دوڭ ياملدا تارتىدۇ،
بىر قاپقارا، زەي ئۆيدە،
نوزۇك خېنىم ياتىدۇ.

داۋگۇاڭ خاندىن خەت كەلسە،
„نوزۇگۇمنى ئۆلتەر!“ دەپ.
ئەل-جامائەت ئېيتىدۇ:
„جەننەت روھى كوتەر“ دەپ.

مويتۇگزىدا چاپقاندا،
مەن ئالدىدا ئۆلەرمەن.
موللىلارنىڭ سوزىچە:
“بىھىش يۈزى” كورەرمەن.

## نوزۇگۇمنىڭ زىندانىدا ئېيتقان قوشىقى

نوزۇك بىلەك باغلاندى،
ئۆلتۆرگىلى چاغلاندى.
نوزۇگۇم ئۆزى يالغۇز،
شى يامۇلغا سولاندى.

---

① پىچاق.

② ئەپيۇن سالىدىغان باڭكا

„نوزۇگۇم“ دەپ كوپ يىغلاپ،
ئاتام قەشقەردە قالدى.
يالغۇز مېھرىۋان ئاكام،
قالماق ئىچىدە قالدى.

كاشكى كورسەمئاتامنى،
قالماقتىكى ئاكامنى.
كورمەي ئولۇپ كىتەرمەن،
قەشقەردىكى تاغامنى.

مەن كورمىگەن مومامنى،
مىنى تۇققان ئانامنى.
چاپسان بىرىپ ئولتۇرۇش!
ئۇچ ياشتىكى بالامنى.

يامۇل ماڭا قىيىندۇر،
ئولۇم ۋاقتى يىقىندۇر.
زالىملارنىڭ سورىقى،
پايدىسىز- بىرتىيىندۇر.

ئالدىمدىكى جاللاتلار،
قىلىچىنى ئوينۇتار.
مىنى ئۇشبۇ ئولۇمدىن،
قانداق كىشى ئاجرىتار؟

# گۈلەمخان قوشقى

«گۈلەمخان» ۋاقـەسى 1820ـ يىلدىن 1825ـيىلغىچە ئىلى دەرياسى بويىدىكى «ئويمان بۇلاق»دىگەن جايدا يۈز بەرگەن. بۇ يەردە بىر كەمبەغەل دىخان بولۇپ، ئۇنىڭ گۈلەمخان ۋە زىلەمخان دىگەن ئىككى ئاچا ـ سىڭىل قىزى بار ئىكەن.چوڭ قىزى گۈلەمخان تىخى ئونبەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپ،ئۇنى ئەنـ گەن چولاق دىگەن بىر قېرى شاڭيۇ مەجبۇرى ھالدا ئۆزىنىڭ كىچىك خوتۇنلۇغىغا ئالماقچى بولىدىكەن، لېكىن، جاسارەتلىك گۈلەمخان شاڭيۇنىڭ پوپوزا قىلىشى ۋە ئالداپ بېقىشىغا بوي بەرمەي، قاتتىق قارشىلىق كورسۇتىدىكەن ھەمدە ۋاقىتنىڭ ئوتۇشىگە ئەگىشىپ،ئۆزى ياخشى كورىدىغان بىر يىگىت بىلەن قېچىپ كېتىپ، زالىم شاڭيۇ ئولگەندىن كېيىن،ئۆز يۇرتى ئويـ مان بۇلاققا قايتىپ كېلىدىكەن. گۈلەمخان ھەققىدىكى قوشاق بىر تارىخى قوشاقلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر خەلقـ نىڭ توي قوشاقلىرى سۈپىتىدىمۇ خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالـ غان .ئۇنىڭدا، خەلقنىڭ گۈلەمخاننىڭ بەختسىزلىكىگە ئىچ ئاغرىتىپ، زالىم شاڭيۇلارغا نەپرەت بىلدۇرۇش روھى مەدھـ لەنگەن، ئازات زامانغا بولغان ئىنتىزارلىغى ئەكس ئېتىلگەن. بۇ قوشاقلار تارىختىن بۇيان كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە بولـۇپ كەلمەكتە.

گۈلەمخاننىڭ قوش پوپۇگى،
يەرگە تېگەمدۇ؟
ئونبەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپ،
ئەرگە تېگەمدۇ؟

كىمنىڭ ـ كىمنى يارتۇتۇشنى،
ھەر كىم بىلەمدۇ؟
ئۆزى سۆيمەي، مەيلى بولماي،
ئەرگە تېگەمدۇ؟

گۈلەمخاننىڭ تۇرغان يېرى،
ئويمان بۇلاقتۇر،
گۈلەمخاننى زورلاپ ئالغان،
شائىيۇ چولاقتۇر.

گۈلەمخاندىن باشقا قىزنى،
قېرى ئالامدۇ؟
گۈلەمخېنىم چولاقلارغا،
زايا بولامدۇ؟

قويلىرىمنى ھەيدىۋەتتىم،
ئويمان بۇلاققا.
گۈلەمخاننى تۇتۇپ بەردى،
شائىيۇ چولاققا.

گۈلەمخاننىڭ قوش پوپۇكى،
يەرگە سورۇلدى.
يۈرەكتىكى سېرىق سۇلار،
قانغا ئورۇلدى.

چىقىپ باقسام گۈلەمخېنىم،
تويۇڭ كېلەدۇ.
ساڭامىكىن، ماڭامىكىن،
تەقدىر بىلەدۇ.

ئالتە-يەتتە كەپتەرلىرىڭ،
قوندى تېرەككە.
تاۋا توندا ئالتۇن تۇگمە،
پاتتى يۈرەككە.

گۈلەمخاننىڭ كەيگەن ئەگنى،
تاش پېشى سولجۇر .
قېرى بىلەن ياتماڭ ھەرگىز،
ساقىلى سانجۇر.

گۈلەمخېنىم ئويدان بالا،
چېچى ئاز ئىكەن.
گۈلەمخاننى ئالغان شاگيۇ،
تۇتەك تاز ئىكەن.

قارا كوكۇل زالىم شاگيۇ،
ئالدىرىما تېخى.
بوينۇگدا بار گۈلەمخاننىڭ،
قىزىل تىرنىغى.

راھەت كورۇش زالىملارنىڭ،
ھەققى دىمەگلا.
ئەلەم تارتىش كەمبەغەلگە،
باقى دىمەگلا.

ئامان بولساق يوقۇتارمىز،
شاگيۇ قېرىنى.
سۈيىدىغان زامان كېلەر،
ھەركىم يارىنى.

# سادىر پالۋان قوشاقلىرى

سادىر پالۋان - ئىلى دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىسى، يالقۇنلۇق خەلق قوشاقچىسى، ئۇ، 1798 - يىلى كۈزدە هازىرقى غۇلجا ناهىيىسىنىڭ مولتوختىيۈزى يېزىسىدىكى بىر يالالنما دىخان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن،

18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى چىڭسۇلالىسى پۈتۈن جوڭگوغا هوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان چاغلار بولۇپ، جوڭگودىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى قاتتىق خانى - ۋەيرانچىلىق ئىچىدە قالغان ئىدى. بۇ دەهشەتلىك زۇلۇملارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋە ئۆز كوزى بىلەن كورگەن ياش سادىرنىڭ قەلبىدە زۇلۇمغا قارشى ئۆچمەنلىك ئوتى يالقۇنلايدۇ. چىڭ سۇلالىسى چىرىكلىرىنىڭ دىخانلارنى ناهەق جازالاشلىرىغا بىر نەچچە قېتىم قارشى چىقىدۇ. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ نامى ئەل ئىچىدە تارقىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇ، ئەكسىيەتچى هوكۇمەت تەرىپىدىن گۇمانلىق دەپ سانىلىدۇ. شۇڭا ئۇ، ئۆز يېزىسىدا تۇرالماي، غۇلجىنىڭ قازانچى دىگەن يېرىدە 50 كىشىلىك ئەترەت قۇرىدۇ ۋە ئۇنى 300 كىشىگە تەرەققى قىلدۇرۇپ ئەكسىيەتچى هوكۇمەتكە قارشى قوزغۇلاڭنى باشلايدۇ. سادىر پالۋان يېتەكچىلىكىدىكى قوزغۇلاڭچىلار 1860 - يىلدىن باشلاپ ئىلى ئاشلىق سېڭى، چىلمەگزە، باياندای، كۇرە قاتارلىق كونا قەلئەلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ،دىخانلار قوزغىلىڭىدا غەلىبە قازىنىدۇ. سادىر پالۋان 40 يىلدىن ئارتۇق كۈرەش جەريانىدا 13 قېتىم تۇرمىگە تاشلىنىدۇ. لېكىن، بۇ ئېغىر كۈنلەر

ئۇنىڭ قەددىنى پۈكەلمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇ، كۈرەش داۋامىدا چېنىقىدۇ، تەدبىرلىك، قاتتىق قوللۇق، ئوتكۈر باشلامچى بولۇپ يېتىشىدۇ.

سادىر پالۋاننىڭ قوشاقلىرىدىن بىز 19 - ئەسىردىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئازاپ - ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشى، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ۋە كۈرەشچان ھاياتىنى رۇشەن كورۇۋالالايمىز.

سادىر پالۋاننىڭ يامۇلدىن قېچىپ چىققان ۋاقىتلىرىدا

ئېيتقان قوشىقى

يامۇلغا چۈشۈپ قالدىم،
چۈسا بىلەن پىتلارغا.
ۋاڭزى «پۇل» دەپ ھەيدەيدۇ،
ئۇلگۈرمەيدۇ ئىتلارغا.

ۋاڭزى ئالساملا دەيدۇ،
ۋاڭزىغا نىمە لازىم؟
ـار خالتا ئىۋەتىپتۇ،
يامۇلدا يېتىپ تازىم.

يامۇلدا تولا يېتىپ،
چېچىم بىر قۇچاق بولدى.
مەن يامۇلنى تەشكەندە،
قوۋۇرغام پىچاق بولدى.

يامۇلنى تېشىپ قويۇپ،
ئىككى چىقتىم تالاغا.
مېنى باققان بەش يايى،
ئەندى قالدى بالاغا.

يامۇلدىن قاچقان ۋاختا،
قازانچى① بىلەن قاچقان.
چىرىكلەر قوغلاپ كەلسە،
قار كېچىپ داۋان ئاشقان.

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
تاغلارنى ماكان ئەتتىم.
قوساق ئېچى يامانكەن،
شالۋۇرنى② كاۋاپ ئەتتىم.

شالۋۇرنى كاۋاپ ئەتسەم،
بىر تاتلىق يېغىر بولدى.
تاغلاردا قېچىپ يۈرۈپ،
ئاتلىرىم يېغىر بولدى.

ئېگىز تاغنىڭ قارغىيى،
قىشلىغى شالاڭ ئوخشاش.
ھەمرىيىمنى③ يەي دىسەم،
ئوزەمنىڭ بالام ئوخشاش.

يامۇلدىن چىققان كۈنى،
يولداش بىلەن تېپىشتىم.
قوغلاپ چىققان چىرىك بىلەن،
ئۈچ كۈنگىچە ئېتىشتىم.

---

① چاي قىسمى

② نېرە كىشتان

①مىنگەن كېتىم

مەن بىلمەس نە يامۇل بار،
بولدى يۈرۈگۈم پارە.
بالا كەلسە بېشىمغا،
تارتماسقا نىمە چارە؟

مەن يامۇلدىن قاچقاندا،
بىر مانجۇ بىلەن قاچقان.
سالاسۇنغا سولاپ قويسا،
قۇلۇپ تولغاپ، ئىشىك ئاچقان.

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
بەش كۈن ماڭدىم پىيادە.
بىر موڭغۇل ماڭغىن دەيدۇ،
دولەت بەرسۇن زىيادە.

يامۇلدىن قاچقان كۈنى،
ياتقان يېرىم يان بۇلاق.①
خۇدا يىمدىن تىلەيمەن،
ماڭا بەرسۇن بىر ئۇلاق.

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
ئاغامچا تېپىپ ئالدىم.
مەنمىنگەن ئالا ئاتنى،
ئون سەرگە سېتىپ ئالدىم.

يامۇلدىن قاچار چاغدا،
لوسىشى ئامال تاپتى.
سىپىلنى تېشىپ قويۇپ،
توشۇككە چاپان ياپتى.

ياموُلدىن قىچىپ چىقىپ،
ئون كوُن ماڭدىم پىيادە.
توُتامدوُ، توُتالماMدوُ؟
بوُيرۇق بىلەن ئىرادە.

ياموُلدىن قىچىپ چىقىپ،
خىيال كىردى بېشىمغا.
پىچاق، چاقمىغىم خالتا،
شاۋانخان قاياشىمغا.

ياموُلنىڭ ياغاچلىرى،
ئىگىز قارىغاي چەڭزە.
سادىر دىگەن خوخەنزە،
قولىدا قىلىچ، نەيزە.

ياموُلنىڭ ياغاچلىرى
قىزىل سىردا سىرلاغلىق.
مېنى باققان بەش يايى،
ئوُروُمچىدە سولاغلىق.

ياموُلنىڭ ياغاچلىرى،
ئىگىز قارىغاي چەڭزە،
ياموُلدىن قىچىپ چىققان
سادىر ئوزى خوخەنزە.

ياموُلنىڭ ياغاچلىرى،
ئالا-ئالا ئالىماچ.
مەن ياموُلدا ياتقاندا،
بالىلار قالدى يالىڭاچ.

سادىر بىر ئۇغۇل بالا،
ياۋان يەرنى خالايدۇ.
بىر يامبۇ بېرىپ قويسام،
ئولتۇرمەيدۇ، پالايدۇ.

سادىر پالۋاننىڭ بېشىدىن كوچۇرگەن دەرت-ئەلەملەرنى
يادىغا كەلتۇرۇپ ئېيتقان قوشىغى

سادىر دەپ ئېتىم يامان،
ئونبەش ياشتا ئاتالغان.
دەسلەپتە تۇتۇلغاندا،
قومۇلخانغا پالانغان.

سادىرنى تۇتۇپ بەرگەن
ئاق جاگزىدىكى شاكيۇ.
جان باقماق ئۇچۇن ساتتىم
قۇمۇل شەھرىدە ياكيو.

تەلكىنىڭ تېغى دەيدۇ،
بۇ ياتار ماكانىمدۇر.
نىمە قىلساڭ قىل شەنگەن،
بۇسىنىڭ زامانىڭدۇر!

سادىرمەنۇ- سادىرمەن،
سادىر بولماي كىمدۇرمەن.
تاغ يولىنى سورىساڭ،
بىرنى قويماي بىلۇرمەن.

يوللاردا كېتىپ بىرىپ،
قاتتىق نېنىمنى يىدىم.

بىر مانجۇ سوراپ ئىدى،
مەن ئۆزۈم خەنبىن①دىدىم.

سادىرنىڭ مىنگەن ئېتى،
ساغرىسىدا ئالىسى.
ئىلىدا خوتۇن قالدى،
قۇچىغىدا بالىسى.

چىرىك چىقتى يېپىلىپ،
سادىر ئاتتى پېتىنىپ.
دالىدىكى قارا تاش،
جۇۋامنى ئالدى يېپىنىپ.

قوغلاپ چىققان چىرىكنىڭ،
مىنگەن ئاتلىرى قاشقا.
چىرىك ئاتىدۇ تاشقا،
سادىر ئاتىدۇ باشقا.

لاتىدىن „پوپۇش“ تىكسە،
كورمىگەنلەر „خەي“ دەيدۇ.
سادىرنىڭ ئۈنى چىقسا،
چىرىك قورقۇپ„هەي“ دەيدۇ.

چوڭ يولدا كېتىپ بارسام،
بىر چىرىك «مەكە» دەيدۇ.
باشقا تارتىپ بىر سالسام،
"بولدى ماڭ، كېتە" دەيدۇ.

---

① خەنزۇ ئەسكىرى مەنىسىدە.

ئېست، ئۆمرۈم ئۆتۈپ كەتتى،
زەي زىنداندا ـ سولاقتا.
ھېچبىر راھەت كۆرمۈدۈم،
ئەلەم تارتىپ قاماقتا.

ئايلىنىپ تولا يۈرۈپ،
خويما زېرىكتىم شەدىن.
خۇدايىم ئايرىمىسۇن،
„قازانچى“ دېگەن يەردىن.

„قازانچى“ دېگەن يەرنى،
چىرىكلەر تاپالمايدۇ.
يىراقتىن قاراپ تۇرسام،
بىر دوڭدىن ئاشالمايدۇ.

سادىر ياتقان كاماغا،
ئۇچار قانات كىرمەيدۇ.
مەن بۇ يەردە يۈرىمەن،
باللىرىم نىمە يەيدۇ؟

ئات مىندىم كورەك قاشقا،
سەكرەتتىم تاشتىن ـ تاشقا.
چىرىك ئاتىدۇ تاشقا.
سادىر ئاتىدۇ باشقا.

قار كېچىپ تولا مېڭىپ،
ئۆتۈكۈمنى ھول قىلدىم.
تاشقا مالخاي كەيگۈزۈپ،
چىرىكلەرنى گول قىلدىم.

چىرىك قاچتى ئىلىغا،
ئېتىپ چۈشۈردۈم بىلىغا.
سەكرەپ چۈشۈپ ئېتىمدىن،
نەيزە تىقتىم كېلىغا.

ئىزدەشكە پۇرسەت بەرمەي ،
زالىم قامچىلىق چىققان .
بۇ دەرتلەرگە چىدىماي،
سادىر ئاتلىنىپ چىققان.

مېنى تۇتىمەن دىگەن ،
سەن تاغلىق، قارا تاغلىق .
مېنى سەن تۇتالمايسەن،
ئوغۇل بالىمەن قاڭرۇق.

ئاق بوز ئېتىم ئامانمۇ ؟
كوك بوز ئېتىم ئامانمۇ ؟
چىرىكلەرنى ئولتۇرگەن
سادىر ئوزى يامانمۇ ؟

بالىلىرىم يىتىم قالدى،
قىچقارسام ئۇنۇم يەتمەس .
قورقماس غەيرىتىم باردۇر ،
ئول ئۇچۇن بېشىم كەتمەس .

سادىر پالۋاننىڭ ئەل-يۇرتىنى، بالا-چاقىسىنى
سېغىنىپ ئېيتقان قوشىغى

ئاتىسىدىن يىتىم قالغان،
ئانىسىدىن يىتىم قالغان،

يىتىم قالغاندا مەن ئالغان ،
ھەمسدە ئاتلىق ئامان بارمۇ ؟

ئاق بوز ئېتىم ئاچ قالدى ،
بىر ئېتەك سامان بارمۇ ؟
ئاغزىمغا ئىلىم سالغان ،
داموللام ئامان بارمۇ ؟

ئاق بوز ئاتقا نان بەرگەن ،
توروُق ئاتقا چوپ بەرگەن ،
سادىر ئۈچۈن جان بەرگەن ،
ھەمىدە ئاتلىق ئامان بارمۇ ؟

مېھمانلار كىلىپ چۈشكەن ،
چىراقلار يېنىپ ئۆچكەن،
غەمكىن كوڭلۇمنى يەشكەن،
سارىيىم ئامان بارمۇ ؟

ئويۇمنىڭ تورىدە يېتىپ،
ساچقاننى ماراپ ياتقان،
كالا گوشنى تەڭ يىگەن،
موشۇكلىرىم ئامان بارمۇ؟

بوسوغامنى بېسىپ ياتقان،
كېچە-كۈندۈز قاۋاپ ياتقان،
جاپايىمنى تولا تارتقان،
بويناقلىرىم ئامان بارمۇ؟

چوڭ ئاكامنىڭ باللىرى،
مېنى كىچىك دادام دەيدۇ.

مېنى كىچىك دادام دىگەن،
قۇلۇنلىرىم ئامان بارمۇ؟

ئالتىنچى ئاينىڭ ۋاقتىدا،
مىۋە ـ چىۋە پىشىدۇ.
ئۆزى پىشىپ ئۆزى چۈشكەن،
ئالما، ئۈرۈك ئامان بارمۇ؟

چوڭ كۆرەنىڭ يولىدا،
ئالدىم ھېمىدەمگە يېلىم.
بەش بالامنىڭ ئىچىدە،
ئەڭ كىچىگى مەمەت ئېلىم.

رۇشەنگۈل دەپ بالام بار،
دادا دەيدۇ ھەجەپ تاتلىق.
بەش بالامنىڭ ئىچىدە،
كىچىگى دەنىخان ئاتلىق.

بەش بالامنىڭ ئىچىدە،
چوڭى «يەننامە» ئوقۇيدۇ.
مېنى مويتوگزىدا چاپسا،
تېنىمنى قاغا چوقۇيدۇ.

ئۈرۈمچىگە پالاندىم،
ھېمىدە توقاچ ياققىن.
بەش بالام يېتىم قالدى،
تېنەتمەي ئوبدان باققىن.

سادىر دەپ ئېتىم قالدى.
داڭزىدا خېتىم قالدى.

## باياندايْ ئۇرۇشى ھەققىدە

1851 ـ يىلى يانۋاردا، خـوڭشـوچۇەن رەھبەرلىك قىلغان تەيپىڭ ـ تيەنگو قوزغىلىڭى گـۋاڭشى ئۆلكىسىنىڭ سەيجىڭسەن رايونى جىڭتيەن يېزىسـىدا كوتۈرۈلۈپ، 2 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 8 ئۆلكىگە تارىلىپ، ناھايىتى زور تەسىر پـەيـدا قىلدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن نەنجىڭنى پايىتەخت قىلىپ، 14 يىل چىڭ سولالىسىگە قارشى ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيەتنى توتۇپ توردى. لېكىن، چىرىپ كەتكەن چىڭ سولالىسى ھوكۇمىتى جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ يەرلىك مىللىتارىستلاردىن زىڭگوفەن، زىڭ گوچۇەن، لى خوڭچاڭ، زوزوڭتاڭ قاتارلىقلارنـى يـولـەپ تورغۇزۇپ، بۇ دېخانلار قوزغىلىڭىنى مەغلۇپ قىلـدى. چىـڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتى تەيپىڭ تـيەنگۇنى باستۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، شەندوڭدىكى نەنداڭ، غەربىي شىمالدىكى خۇيزۇلار قوزغۇلاڭلىرىنى بېسىقتۇرۇپ ئاندىن شىنجاڭغا ئىلگىرلىگەن ئىدى.

---

خېتىمنى ئوقۇپ باقساڭ،
بەش بالام يېتىم قالدى.

كۆرە يولىدا يۆرۈپ،
مەپەڭ سۇندىمۇ شەڭگەن؟

سادىرنى تۇتۇپ بېرىپ،
كوڭلۇڭ تىندىمۇ شەڭگەن؟

بۇگۇن كۈنگە پەيشەنبە،
كەل، مەپىنى قوش ئەندى.
ئۇرۇمچىگە پالاندىم،
ئەل ـ ئاغىنە خوش ئەندى!

شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدىكى قوزغىلاڭ ۋە بۇ قوزغىلاڭ نەتىـ
جىسىدە قۇرۇلغان «ئىلى سۇلتانلىقى»ئەنەشۇ تەيپىڭ ـ تيەنگو
ئىنقىلاۋىنىڭ يېڭى تارىخى شارائىتتىكى داۋامىدۇر. باياندايـ
دىكى قوزغىلاڭ چىرىكلەشكەن چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمرانلىقىغا
قارشى ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق دىخانلار ئىنـقىلاۋىي
بولدى.
چىڭ سۇلالىسى جوڭغارلارنى تىنجىتىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي
شىنجاڭدا ئەسكەر تۇرغۇزدى. ئىلى رايونىدا جاڭجۈن مەھكىمىـ
سى قۇرۇپ، يۈز مىڭغا يېقىن چېرىك توختاتتى. بىر قـىسىم
يۇقۇرى قاتلام ئەكسىيەتچىلەر يەرلىك فىئودالـلار بىـلەن
بىرلىشىپ، خەلقنى تالان- تاراج قىلدى. باج ـسېلىـقلار
كۈنسىنىڭ ئۈستىگە يېڭىسى چاپلىنىپ تۇردى. ئەمگەكچى
خەلق ھالاكەت گىرداۋىغا كىلىپ قالدى. ئىلى ئاسمىنىـنى
قاپـقارا بۇلۇتلار قاپلىۋالغان ئەنە شۇنداق شارائىتـتا، 1864ـ
يىلى ئىلىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەت ئەمگەكچىلـىرى
قوللىرىغا تومۇر توقماق ئېلىپ، يەرلىك فىئودالـ ئەمەلدارـ
لارغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىدۇ. ئەكسىيەتچى ھوكۇمەتنىڭ ئەمەلـ
دار ۋە ئەسكەرلىرى باياندايۋە كۈرە سېپىللىرىغا بېكىنىدۇ.
سادىرپالۋان باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار نىڭ ئالدىداتۇرغان
مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرسى ئىلىدىكى ئەكسىيەتچى ھوكۇمراـ
لارنىڭ مەمۇرىيۋە ھەربى مەركىزى بولغان باياندايسېپىلىنى
ئېلىش ئىدى. بىراق، سېپىل ناھايىتى مۇستەھكەم بولغىـنى
ئۈچۈن قوزغىلاڭچىلار دەرھال سېپىل ئىچىگە بوسۇپ كىرەلمەيدۇ.
قوزغىلاڭچىلار بۇ ھەقتە كوپ باش قاتۇرىدۇ. ئۇلار بايانـداي
سېپىلىغا ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلىدۇ. سېپىل ئاستىغا لـەخمە
كولاپ، دورا كومۇپ سېپىلنى پارتلىتىپ، ئومۇمى ھۇجۇمغا ئەپلىك

ۋە داغدام يول ئاچىدۇ. ئاندىن قوزغۇلاڭچىلار سېپىلغا بىسىپ كىرىپ ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەرنى مەغلۇپ قىلىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بۇ قوشاق تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ئەنە شۇ باياندايى ئۇرۇشى ھەققىدە توقۇلغان.

جاڭجۇن دىگەن ئىپلاسنىڭ ،
زۇلۇمىغا چىدىماي ؛
چىقتى خەلق سېپىلغا ،
غەزەپلىنىپ توختىماي.

قورقۇپ جاڭجۇن ئالۋاستى ،
كىردى سېپىل ئىچىگە .
مەھكەم ئىسكەن سېپىلى ،
يەتمىدۇق ھىچ ئىپىگە .

قورشاپ تۇرغان خالايىق ،
ئوزگەرتمىدى گىپىنى .
شۇ سېپىلغا كىرىشنىڭ ،
قىلماق بولدى ئېپىنى .

جاپا چەككەن يارەنلەر،
پىدا قىلدى جېنىنى .
دارۋازىغا ئوت قويسا ،
تاقىۋالدى ئىچىنى .

قالدى ھەممە قايغۇرۇپ ،
ئويلاپ ، چايقاپ بېشىنى .
چىقىپ سادىر پالۋان ،
قولغا ئالدى تېشىنى .

كولاپ سېپىل تېگىنى ،
كومدى كوپلەپ دورىنى .
پىلتا بىلەن ئوت ياقتى ،
قىلىپ ئوبدان ئېپىنى .

گۇمبۇرلىگەن ئۈن بىلەن ،
ۋەيران بولدى سېپىلى .
غېمىنى يەپ جاڭجۇننىڭ ،
هودۇقۇشتى چىرىگى .

شۇندا خەلق يۈگۈردى ،
ئاندا قاتتىق جەڭ بولدى .
تەييار تاپلار ئۆلۈگى ،
سېپىل بىلەن تەڭ بولدى .

جاڭجۇن باشلىق چوڭلىرى
توت ئىشىككە يۈگۈردى .
ئوزىنى ئوزى باشلاپ ،
ئولۈمىگە ئۈلگۈردى .

شۇكۈنىلا خالايىق ،
دۈشمەنلەرنى چېپىشتى .
غەزەپ بىلەن كېلىغا ،
نەيزىلەرنى تىقىشتى .

تالقان يېگەن خەلقلەر ،
نىمەتلەرگە يېتىشتى .
ئازات بولۇپ زۇلۇمدىن ،
مۇڭلىرىنى ئېيتىشتى .

## مايىمخان قوشىقى

1864-يىلىدىن 1871-يىلىغىچە بولغان مەزگىللەردە ئۇيغۇر خەلقى مەنچىڭ ھوكۇمرانلار سىنىپىنىڭ پارىخور ئەمەلدارلىرى ۋە ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى زېمىندار، جازانىخور، بەگ، بوجاڭلارنىڭ زۇلۇمىدىن تولۇمۇ ئېزىلدى، كىچە-كۈندۈز باي، ئەمەلدارلارغا ئىشلەپ قوساقلىرىنى باقالماي قالدى. ئېغىر ئالۋاڭ-سېلىقلار دەستىدىن خەلق قاڭغىر قاخشىدى، ئۇلار زۇلۇمغا قارشى كوتۇرۇلۇش قىلسا، ئەزىز باشلىرى كېسىلدى. مايىمخان ئەنە شۇ چاغدا زۇلۇمغا قارشى كوتىرىلگەن خەلق ئارىسىدىن چىققان بىر قەھرىمان بولۇپ، ئۇنى ئۆزۋاقتىدىكى ئەكسىيەتچى ھوكۇمەت قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

بۇ قوشاق-ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شانلىق تارىخىدا پارلاق نۇر چېچىپ تۇرغان ئۇلۇغ قەھرىمانلار ئۆتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىك ئۈچۈن بەل باغلاپ، زۇلۇمغا قارشى باتۇرلارچە كورەش قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئېقىتقان ئىسسىق قانلىرى چوقۇم بوگۈنكىدەك ھەقىقى خەلق ئازاتلىقىنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن.

زىندان تېمى ئىگىز تام،
ئۇنىڭ ئىچى گورۇستان.
ئەرەنلىككە بەل باغلاپ،
شېھىت ئولگەن مايىمخان.

مايىمخان ئۆزى ئوبدان،
بەزىدە خۇيى يامان.
ئونىڭ جېنىنى ئالدى،
قان ئىچەر قارا زامان.

خان خۇجامنىڭ بوز ئېتى ،
دەريالاردا ئۈزەمدۇ ؟
مايىمخاندەك باتۇرنى ،
دارىن ئوبدان كۆرەمدۇ ؟

ئاتا بولغىنىڭ قېنى !
ئانا بولغىنىڭ قېنى !
قىلىچ بىلەن چاپقاندا ،
تىلەپ ئالغىنىڭ قېنى ؟

ئالدىمىزدا تورت مانجۇ ،
قىلىچىنى ئويناتتى .
ھېكىم بەگ بولاپ بەرسە ،
ئۆلتۈرمەيتتى، پالايتتى .

تۇرپاننىڭ يولى قۇملۇق ،
ئۆتۈپ بولغىلى بولماس .
ئاتىمىش يامبۇنى ئېلىپ ،
بىكار تۇرغىلى بولماس .

ئاتىمىش يامبۇنى ئېلىپ،
دارىن ئامبال تويامدۇ؟
مايىمخاننى ئۆلتۈردى،
خۇنى ئۇنى قويامدۇ؟

كونا شەھەردە ئاق تېرەك،
يېڭى شەھەردە كوك تېرەك.
ئەل جامائەت ئىشىغا،
مايىمخاندەك ياش كېرەك.

گۈلباغ سۈپەت قەشقەردەك،
يېڭى سوققان شەھەر بارمۇ؟
مايمخان شىھت بولدى،
ئاڭا ئوخشاش ئەر بارمۇ؟

## كوچ - كوچ قوشىقى

چار پادىشا ھوكومىتى تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن1871-يىلى 6-،7- ئايلاردا ئەسكەرئەۋەتىپ، ئىلىمىزنىڭ ئىلى رايونىنى ئىشغال قىلىۋالدى. چارروسىنىڭ ئىلىغا بېسىپ كىرگەن چاغدىكى « ۋەدىسى » بويىچە، ئىلىدىن ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ 1876-يىلىنىڭ ئاخىرىدا چىكىنىپچىقىپ، ئىلىنى ئىلىمىزگە تاپشۇرۇپ بىرىش كېرەك ئىدى. 1878-يىلى مەنچىڭ ھوكومىتى زوڭخۇنى پىتىربورگغا تۈنچى قېتىم چار پادىشا ھوكۇمىتى بىلەن ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش مەسىلىسى ئۈستىدە تەنپەن ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتى.1881-يىلى 2- ئاينىڭ ئاخىرىدا پىتەربورگدا ئىلىنىقايتۇرۇۋېلىش ھەققىدىكى«ئۆزگەرتىلگەنشەرتنامە» تۈزۈلدى. بۇ شەرتنامىدا « چار-روسىيە تېكەس دەرياسى ۋادىسىدىكى جايلارنى ۋە ئىلىدىكى 9 شەھەرنى جۇڭگوغا قايتۇرىدۇ. لىكىن ئىلىنىڭ غەربىي تەرپىدىكى قورغاس دەرياسىنىڭ غەربىدىكى رايونلىرنى ئېلىپ قالىدۇ؛ قەشقەر ۋە تارباغاتايدىكى جۇڭگو-روسىيە چېگرىسى ئايرىم تەكشۈرۈپ بەلگۈلىنىدۇ. مەنچىڭ

هوكۇمىتى روسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئىلىنى ئاتالمىش „ ۋاقىتلىتەن ساقلاش “ خىراجىتىنى 9 مىليۇن روبلىغا كوپەيتىشكە قوشۇلىدۇ، روسىيە جۇڭگو ـ روسىيە ئارىسىدىكى بۇرۇنقى شەرتنامىلارغا ئاساسەن ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا كونسۇلخانا، سودا ئورۇنلىرى قۇرغاندىن تاشقىرى يەنە جايۇگۇەن، تۇرپانلاردىمۇ كونسۇل ئورۇنلاشتۇرىدۇ“ دېيىلگەن.

ئىلى چارروسىيەنىڭ قولىدىن قايتۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، خەلق ئىككى تەرەپلىمە زۇلۇم ۋە بېسىمغا ئۇچرىدى. بىرى، چارروسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئالداش، تەھدىت سېلىش، پوپوزا قىلىشى بولدى؛ يەنە بىرى، مەنچىڭ سۇلالىسى قوزغۇلاڭ كوتەرگەن خەلقتىن دەھشەتلىك ئوچ ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلىدىكى ئۇيغۇرلاردىن 56 مىڭ ئويلۇك، خۇيزۇلاردىن 12 مىڭ ئويلۇك خەلق مەجبۇرى ھالدا سوۋېت زېمىنلىرىگە كوچۇرۇلدى. كوچۇشكە ئۇنىمىغانلار دەھشەتلىك ئۇرۇپ دۇمبالاندى. كوچۇرۇلگەنلەر روسىيىگە كىرگەندىن كېيىن قۇللارچە مۇئامىلىگە ئۇچرىدى. بۇ قوشاقتا چارروسىيىنىڭ ئەنەشۇ جىنايىتى پاش قىلىنىپ، خەلقنىڭ جاھانگىرلارغا بولغان قاتتىق ئوچمەنلىكى ۋە غەزەپ-نەپرىتى ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوز ئانا يۇرتى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە يۇرتداشلىرىنى چوڭقۇر سېغىنىش ھىسسىياتى سۇرەتلەنگەن.

ئاق پادىشا لەشكىرى،
ئالتۇن كولاپ، تاش كەستى.
دىخانلارنى „ كوچ-كوچ “ دەپ،
قىلىچ بىلەن باش كەستى.

«ئالمۇتىغا كوچ» دەيدۇ،
باراريېرىمىز قۇملۇق.
راس گېپىنى ئېيتمايدۇ،
كوزى كوك، بېشى يۇگلۇق.

بۇ يولدا تولا مېڭىپ،
پۇتۇم قايىرىپ كەتتى.
هارۇۇغا چۇشەي دىسەم،
هوكۇز ئالدىراپ كەتتى.

بۇ يولدا تولا ماگدىم،
بۇ يول مىنىڭ يولدۇشۇم.
هېرىپ-ئېچىپ كەلگەندە،
سۇ بەردى بىر قولدوشۇم.

ئىلى يولىدا تاللار،
هەر تاللاردا مارجانلار.
خەقنىڭ شەهرىدە ئىشلەپ،
ئۇپراپ كەتتى بۇ جانلار.

خۇيمۇ خار بولۇپ كەتتۇق،
ياقا يۇرتلاردا ئىشلەپ.
يار خالتا ئەۋەتىپتۇ،
«يىسۇن» دەپ توقاچ چىشلەپ.

چىلەك - چىلەك دەيدىكەن،
ماختىغىچىلىك يوق چىلەك.
كەلگىچە ياياق كەلدۇق،
تەتۇر ئىكەن بۇ پەلەك.

چوللەرگە چىقىپ كەتسەڭ،
چولنىڭ بورىسى باردۇر.
كوچ ـ كوچ بولغان ئەللەرنىڭ،
قىرى-چۇرىسى باردۇر.

كوچمەن بولغان ئادەملەر،
قىلۋىگە قاراپ ماڭدى.
كوچمەي قالغان ئادەملەر،
زالىم قولىدا قالدى.

ئوسەككە بارارمىز دەپ،
ئوسەكچى خىيال قىلدى.
ياركەنت دىگەن يەرلەرگە،
كوچۇپ بارغانلار بولدى.

ياركەنت دىگەن يەرلەردە،
قارا ياغاچ كوپ ئىكەن.
غىرىپلىق ئەسەر قىلسا،
خەق دەرتلىك بولار ئىكەن.

كەتمەيمىز دىگەن بىلەن،
بۇ ئىشقا نىمە چارە.
غۇلجىنى بىسىپ ئالدى،
دىلىمىز سۇنۇق پارە.

ئوسەككە بارارمىز دەپ،
ئەسكى تام ئارا ياتتۇق.
ئوي ـ جايىمىز پۇتكىچە،
مۇشەققەت-ئەلەم تارتتۇق.

مىلىكجاپا بىلەن سالغان،
قالدى باغۇ - بوستانلار.
يۇرتىمىزدىن ئايرىلىپ،
دىلدا قالدى ئارمانلار.

زالىم بەگلەر يول بەرمەس،
يول ئۈستىدە تۇرغۇزماس.
باشقا قاتتىق مۈڭ چۈشتى،
بەشخۇلىقتىن يەر تەگمەس.

## سارى جاز قوشىغى

چار پادىشا ھوكۇمىتى ئىلىنى بېسىۋالغان مەزگىلىدە، ئىلىدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ دېخانلىرى ۋە قول - ھۈنەرۋەن، كاسىپلارنى مەجبۇرى ھالدا سوۋېتنىڭ قارا قول، تالغىر، چىلەك، ئالمۇتا قاتارلىق جايلىرىغا كوچۈرگەن.

سارى جاز-ئالمۇتاغا قاراشلىق بىر كىچىك ناھىيە بولۇپ، كوچمەنچى خەلقنىڭ بىر قىسمى مۇشۇ جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەينى يىللاردا توقۇلغان بۇ قوشاقتا كوچمەنچى خەلقنىڭ سارى جازغا يېتىپ بارغاندا، بېشىدىن كوچۈرگەن ئېغىر كۈنلىرى ۋە تارتقان دەرت - ئەلەملىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

سارى جازغا يەتكەندە،
چوپ قالىدۇق ئوچاقتا.
دارىن①بىزنى پالايدۇ،
خەت كەلمەيدۇ بۇچاققا.

① ئەمەلدار، مەنسەپدە

كۆرەدىن چىققان ھارۋ*،
يان بۇلاقتا ياماشتى.
مەن يۇرتۇمغا قارىسام،
يىغا ماڭا ياماشتى.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
غىجەك سوقىمىز تاك - تاك.
نىمە تاپىمەن دەيسەن،
مەخپىد شاڭ بىگى - پاختەك.

توقىلەك بىلەن شاكىر،
بىر كىيىك ئېتىپ كەلدى.
سارى جاز دىگەن يەرگە،
تومۇر شا يېتىپ كەلدى.

جىڭلاپ بەرگەن ئۇنىدىن،
ئېتىپ ئىچىمىز ئاشنى.
بۇيرۇسا كورەرمىزمۇ .
ئاتا - ئانا، قېرىنداشنى؟

پالۋاننىڭ مىنگەن ئېتى
ياتقان يەردە ئېغىنار.
بىچارە شۇ پالۋانلار،
باللىرىنى سېغىنار.

# ئالمىخان ھەققىدە

بۇ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ناخشا سۈپىتىدە كەڭ تارقالغان قوشاقلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئەسلىدە خەلق قىزىقچىسى موللا زەيدىن تەرىپىدىن توقۇلغان. تۇرپان لۇكچۇندىكى ئەپرىدۇن ۋاڭ ئەينى ۋاقىتلاردا مەنسۇۋى ئۇسۇپ، قەشقەرگىمۇ ۋاڭ بولغان. ئۇ، بۇ مەزگىللەردە موللا زەيدىننى ئۆز يېنىدا بىللە ئېلىپ يۈرۈپ، ئۇنى ئوردا خىزمىتىگە قويغان. مۇشۇنداق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن موللا زەيدىنگە ئۆز سۆيگىنى بىلەن بالدۇرراق توي قىلىش ئىمكانىيىتى بولماي، كۆپ يىللار ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇ پەقەت 30 ياشقا كىرگەن ۋاقىتلىرىدىلا ئالمىخان بىلەن توي قىلىشقا موھلەت بېرىلگەن. بۇ قوشاقنى ئۇ، ئالمىخان بىلەن توي قىلىشتىن بۇرۇن، يەنى ئالمىخاننىڭ دەرت-پىراقىدا كۆيۈپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئېيتقان.

كۆرمىگەنلەر ئېيتىدۇ،
ئالمىخان قانداق نىمە؟
ئاغزى ئويماق، بېلى زىلۋا،
قېشى قارا بىر نىمە.

ئالمىخاننىڭ بېغىدا،
ئۈچ تۈپ ئانارى - قەشقىرى.
ئالمىخانغا سەپ سېلىڭلار،
قاپ - قارادۇر قاشلىرى.

ئالمىخاننىڭ بېغى بار،
گۈل شېخىدا چېكى① بار.

① چاك — تۇرپاندا «كاك»نى شۇنداق ئاتايدۇ.

ئالمىخانغا سەپ سېلىڭلار،
ئوڭ قېشىدا مېڭى بار.

ئالمىخاننىڭ يوللىرى،
ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن يولى.
ئالمىخانغا تولا قاتناپ،
تېشىلدى كەشىنىڭ چەملىرى.

ۋاي - ۋاي جېنىم، ئالمىخانەي،
قايسى باغنىڭ گۈلىسە - نەي؟

## سىيىت نوچى قوشاقلىرى

سىيىت نوچى- ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان بىر خەلق داستانى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سىيىت نوچى 19- ئەسىردە قەشقەر شەھرىدە ئۆتكەن. 1911 - يىلدىكى شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۈرۈمچى، غۇلجا شەھەرلىرىدە خەلق قوزغىلاڭلىرى كوتۈرۈلگەن. ئۇ، مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىغا قارشى قوزغىلغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەشكىلات "گېلاۋخۇي" نىڭ تۈرلۈك سىياسى، ئىجتىمائى تەشەببۇسلىرىنى قەتئى ھىمايە قىلغان. "گېلاۋخۇي" شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ ئالدى - كەينىدە ھەر قايسى جايلاردا ئوز پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ مەقسىدى - ستىخىيىلىك ھالدا خىيانەتچى پارىخور ئەمەلدارلارنى يوقۇتۇشتىن ئىبارەت بولغان. ئۇلار پەقەت، "مەنسەپدارلار ئولتۇرۇلسىلا زۇلۇم توگەيدۇ" دەپ تونىغان. ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردىمۇ "گېلاۋخۇي"نىڭ شوبىسى قۇرۇلغان. سىيىت نوچى

بۇ تەشكىلاتقا قاتنىشىپ ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ ئادالەتسىز-لىگىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرگىنى ئۈچۈن، ھوكۇمەت ئۇ-نىڭ ئاماا ئارىسىدىكى تەسىرىدىن قورقۇپ،ئۇنى قولغا ئالـ-غان ۋە ئەڭ ئاخىرى ئۆلتۈرىۋەتكەن. سىيىت نوچى - شىنخەي ئىنقىلاۋىغا ھىسداشلىق قىلىدىغان «گېلاۋخۇي»نىڭ بىر ئەزا-سى. ئۇ، ئۆلىغار ئىدىيىسى ئۆزىگەسىڭدۈرگەن بىر خەلقپەرۋەر كىـ-شى بولۇپ، جەنۇبى شىنجاڭ خەلقى ئـارىسىدا ئـۇ توغرۇلۇق كوپ ھىكايىلار تارقالغان. ئۇنىڭ ئوز ۋاقتىدا ئېيتقان قـو-شاقلىرى تا ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدىكى مەدداھلار، سوزمەن قىزىقچىلار تەرىپىدىن ئېيتىلىپ كەلمەكتە، ئـۇن ئـالـغۇلاردا خاتىرە سۈپىتىدە ساقلانماقتا.

سىيىت نوچى قوشاقلىرىدا سـىيىت نوچىنىڭ مەنچىڭ ھوكۇمىتىنىڭ خىيانەتچى - پارىخور ئەمـەلدارلىرى بىلـەن يۈزمۇ -يۈز كەسكىن ئېلىشقان جاسارىتى، ئۇنىڭكەڭ ئەمگەكـ-چى خەلق بىلەن بولغان قان بىلەن گوشتەك يېقىـن مۇناسـ-ۋىتى، زالىم ئەمەلدارلار ئالدىدىكىمەردانە قىياپىتى ۋە ھەق-ئادالەتنىڭ ھامان غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا بولغان ئـۈمىت - ئىشەنچىسى ئەكـس ئەتكەن.

قارا ساچىم يەلپۈنۈپ،
قاشىمغا چۈشتى.
تۇمەن سەۋدا، مىڭ بالا،
باشىمغا چۈشتى.

بولدى خەنزۇ ئوتياشچى-
لاۋجاڭ ئاداشىم.
ئۇ ئۇگەتتى چامباشى،
قاتقاندا باشىم.

گېلاۋخۇيغا جەم بولدۇق،
دارىنغا قارشى.
خىيانەتچى پارىخور،
زالىمغا قارشى.

بەلنى باغلاپ، يەك تۇرۇپ،
ئىسيان كوتەردۇق.
خەلقى ئالەم ئالدىدا،
داستان كوتەردۇق.

باستۇرۇلدى گېلاۋخۇي،
زىندانىدا لاۋجاك.
زۇلۇم-كۇلپەت ئەۋج ئېلىپ،
قىينالدى بۇ جان.

قەشقىرىمدە كۆن ئالماق،
تەس بولدى، كەتتىم.
ياۋا قۇشتەك ئايلىنىپ،
ئاقسۇغا يەتتىم.

قەشقەردىنمۇ بەك غېرىپ-
غۇرۋانە ئاقسۇ.
ھەم خارابە يۇرت ئىچى،
ۋەيرانە ئاقسۇ.

راۋابىمنى سايرىتىپ،
يەتتىم كۇچارغا.
ئالتە چىرىك بىر بولۇپ،
ئالدى ئاراغا.

قاراقچىلار ئارىسىدىن
مۈشلاپىلا قاچتىم.
قارا شەھەر دەرۋازىسىنى،
پەشۋادا ئاچتىم.

مابايۋەچچىنىڭ ئۆز-ئۆزىگە كورەڭلەپ، سىيىت نوچىغا دەۋەيلەپ تۈرۈپ ئېيتقان قوشىغى

قەيەرلىكسەن، نەدىن كەلدىڭ؟
ئاتىڭنى سوزلە.
تېگى- تەكتىڭ ،ئەجداتىڭ،
زاتىڭنى سوزلە.

راۋاپ، زەخمەك قولۇڭدا،
زارىڭنى سوزلە.
ئايىغىمغا باش قويۇپ،
دادىڭنى سوزلە.

تىلەمچىمۇ، رەمچىمۇ،
دىۋانىمۇ سەن؟
ئۆز يېرىڭدە خارۇ-زار،
سەرسانىمۇ سەن؟

تەڭگە- داچەن دەردىدە،
ئاۋارىمۇ سەن؟
تاما قىلساڭ خەيرى-ئېھسان،
هالىڭنى سوزلە.

سىيىت نوچىنىڭ مابايۇەچچىگە بەرگەن جاۋابى:

ئەزىزانە قەشقەرنىڭ،
سىپىل تېشىدىن؛
شىرىن- شەرۋەت سۈيى بار،
تومەن قېشىدىن؛

كوزىچى يارىبېشىدىن،
خومدان بېشىدىن-
چىققان سىيىت گاڭگۇڭمەن،
گاڭگۇڭ يىگىتمەن.

كىچىگىگە كىچىك مەن،
چوڭىغا چوڭمەن.
پىششىغىغا پىششىقمەن،
توڭىغا توڭمەن.

تەتۈرىگە تەتۈر مەن،
ئوڭىغا ئوڭمەن.
كەمبەغەللىنىڭ سازچىسى،
سىيىت گاڭگۇڭمەن.

رەمچىلىكنى ئۇقمايمەن،
رەمبال ئەمەسمەن.
يە قەلەندەر- دىۋانە،
هابدال ئەمەسمەن.

خەقنى ئۈرۈپ سوقمايمەن،
ئامبال ئەمەسمەن.
يامىنىدىن قورقمايمەن،
سىيىت گاڭگۇڭمەن.

سيىت نوچىنىڭ قارا شەھەردە يارى- دوستلىرى بىلەن خوشلۇشۇپ، ئېتىغا مىنىپ، ئىلىخوغا قاراپ ماڭغان چىغىدا ئېيتقان قوشىقى:

ئىلىخوغا بارماڭلار،
يولى خەتەردۇر.
قەھرىتان قىش نەشتىرى،
جاندىن ئۆتەدۇر.

مۇساپىرلار،دەرتمەنلەر،
يولدا ياتادۇر.
ئوز يۇرتىنى يات ئېتىپ،
غەمگە پاتادۇر.

ئىلىخوغا مەن بېرىپ،
قالدىم بالاغا.
جەللىگۇر شۇم ئۇن ئورۇس،
ئالدى ئاراغا.

ئالتىسىنىڭ سۇندۇرۇپ،
ئۇتتۇر چىشىنى،
پەشۋا بىلەن-مۇش بىلەن،
ياردىم بېشىنى.

ئىلى دەريا بويىدا،
چالدىم راۋاپنى.
رازى قىلدىم تۇل خوتۇن،
دەرتمەن بىتاپنى.

سىيىت نوچىنىڭ ئۇچتۇرپانىدىكى قوشىقى:

يىگىرمە ئالتە ياشىمدا،
كۆڭۈللەر چۈشتى باشىمغا.
ئەرزىمنى بايان ئەيلەي،
يارۇ-دوست، ئاداشىمغا:

ئەزىزانە قەشقەردە،
توغۇلۇپ ھەم چوڭ بولۇپ.
شۇيەردە ئاتالغان مەن،
سىيتاخۇن گاڭگۇڭ بولۇپ.

سىيىت نوچى، سىيىت گاڭگۇڭ،
شەمۇ-شەنى ئايلىنىپ.
قەشقەرگە كىتەر ۋاقتا،
ئۇچتۇرپانغىمۇ كىلىپ.

ئاتنى دەڭجاغا بىرىپ،
ساماۋەرخانىغا كىرىپ.
چاي ئىچەي دەپ ئولتۇرسا،
ئۇچتۇرپاننىڭ ئامبىلى
مادوتەي كىلىپ قالدى،
گاڭگۇڭنى كورۇپ قالدى.

ئوز كوزىگە ئىشەنمەي،
بىرھازا تۇرۇپ قالدى.
ئاڭلاڭلار خالايىقلار،
ئۇقانداق تونۇپ قالدى.

ئۆچتۆرپاندامادوتەيىنىڭ سىيىت نوچىغا قارىتىپ ئېيتقان قوشىقى

هەي نوچى، سىيت گاڭگۇك ،
ئۆچتۆرپانغا خوش كەپسەن .
مەن كورۇپ دىدارىڭنى ،
بولدۇم تولىمۇ خۇرسەن .

جېنىم سۇيۇنەر، يايرار ،
قەشقەرلىقنى كورسەممەن .
ئالدىڭغا چىقار ئىدىم ،
كەلگىنىڭنى بىلسەممەن .

هەي نوچى-سىيىت نوچى،
يۇرسەڭ-ئوردىغا بارساڭ .
ئۇسقۇنۇڭ چۇشۇپ قالسا ،
بۇيۇرتتا تۇرۇپ قالساڭ .

× ×

ماقۇل،دەپ نادان گاڭگۇك ،
بۇيۇرتتا تۇرۇپ قالدى .
چۇشىدە غېرىپ-مىسكىن ،
ئانىسىنى كورۇپ قالدى .

قەشقەرغە كېتەي ئەندى،
ئەلنى خوش ئېتەي ئەندى.
ئانام بىلەن ئۇكامنىڭ،
قېشىدا ئوتەي ئەندى .

دوتەيدىن سوراپ رۇخسەت،
قوش قامچا سالاي ئاتقا.
چول كېزىپ داۋان ئاشاي،
ئەل- يۇرتنى ئىلىپ ياتقا.

سىيىت نوچىنىڭ مادوتەيىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئېيتقان
ئەرزى:

قوي ئىزدەر قوزاسىنى،
قوزىمۇ ئاناسىنى.
ھاۋادىكى قۇشلارمۇ
سىغىنار ئۇۋاسىنى.

سىغىندىم غېرىپ - مىسكىن،
يالغۇز مېھرىۋانىمنى.
سىغىندىم ئېتى مەممەت،
ئۇكامنى — غەمگۇزارىمنى.

تۇمەن بويى، يار بېشىدا،
راۋابىم چالاي ئەندى.
خەلقىمنىڭ غېرىپ - سۇلغۇن،
كوڭلىنى ئالاي ئەندى.

قەشقەرگە باراي دەيمەن،
مېھرىگە قاناي دەيمەن.
ما دارىن ئىجازەت بەر،
يولغا ئاتلىناي دەيمەن....

ما دارىننىڭ سىيىت نوچىغا بەرگەن جاۋابى

ئىجازەت بىرەي دىسەم،
قانداق چىدىسۇن يۇرەك؟
مەن سىنى دىمەيمەنتىم
«تۇققاندىن يېقىن يولەك»؟

ئىجازەت بىرەي گاڭگۇك،
چارەم يوق مېنىڭ بولەك.
يالغۇز ئانىغا سەندەك،
جان كويەر ئوغۇل كېرەك.

قەشقەردىكى دارىنغا،
خەت يېزىپ بېرەى ئەپكەت.
خەتنى كورسە خەن دارىن،
دەيدۇ ساڭا كوپ رەخمەت...

بۇ يۇرتتىن كېتەر بولدۇك،
ئىچىمگە سېلىپ دەرتنى.
ئەته يولغا چىق گاڭگۇك،
تەييارلاپ قوياي خەتنى....

سىيىت نوچىنىڭ ئوزىنىڭ ئولۇم خېتىنى ئېلىپ يولغا
چىقىش ئالدىدا ئېيتقانلىرى

خوش بۇرادەر دەرتمەنلەر،
دوست-يار بولۇپ ئوتكەنلەر.
ئوزرەمنى ئېلىپ قالاي،
قەشقەرگە كېتىپ قالاي.

داغى پەرزەنت ئانامنىڭ،
قان-قېرىنداش ئۇكامنىڭ؛
جىسمىگە سىڭىپ ئالاي،
مىھرىگە قېنىپ ئالاي.

قىلغان بولسام مەنمەنلىك،
ئوتكەن بولسا سەۋەنلىك.

كېچىرىگلار يۇرتداشلار،
خەير-خوش، قېرىنداشلار....

سىيىت نوچىنىڭ قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، تۇمەن دەرياسى ۋە مەھەللىسى كوزىچى يار بېشىنى كورۇپ ئېيتقان قوشىغى:

سىيىت نوچى، سىيىت گاڭگۇڭ،
يارنىڭ ئۇستىگە چىقىپ؛
ئانا ئىشقىدا جىسمى،
شام بولۇپ ئېرىپ - ئېقىپ.

ئىشكى ئالدىغا كەلسە،
ئىشكى تاقىلىپ قاپتۇ.
چىراقمۇ ئۇچۇپ قاپتۇ،
ئانىسى غېرىپ مەزلۇم،
ئاھ، ئۇرۇپ يېتىپ قاپتۇ،
ئۇخلاپمۇ قېتىپ قاپتۇ.

"جان ئانا» دەپ سوز باشلاپ،
ئوكزىگە چالما تاشلاپ.
بەلكۇسىنى بەرگەندە،
ئانىسىغېرىپ مەزلۇم،
چۇچۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ،
چىرىغىنى ياندۇرۇپ،
ئىشىك ئالدىغا چىقىپ،
قۇچاغلاپ تويماي يىقىپ،
كوزلىرىگە ياش ئېلىپ،
هارماڭ، بالىكام دەپتۇ.

غېرىپ ئۆيىگە باشلاپ،
كونا دوستىخاننى يېيىپ،
تۆن كېچىچە مۆگدۆشۆپ،
ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا،
ناماز جۆمە چاچكادا
ئەي ئانا غەمگۆزارىم،
جاھاندا يوقۇ-بارىم،
ماڭا ئىجازەت بەرسەڭ،
ھەزرەتنى كورۆپ كەلسەم»-
دەپ مىھرىۋان ئانىسىدىن،
رۆخسەت- ئىجازەت ئېلىپ،
ئاپپاق غوجامغا چىقىپ،
يورۆق مەھەللىنى كېزىپ،
ئەلنىڭ ھالىنى كوردى،
يۆرىگىدە ئوت كويدى.
نۆرغۆن - نۆرغۆن شە كوردۆم،
ھەسرەت ئەندىشە كوردۆم.
ھەممە يۆرتتا خار پۆخرا،
دەرت - ئەلەمگە يار پۆخرا،
قان يىغلايدۆ ھەر يەردە،
بۆردا نانغا زار پۆخرا.
سىيىت نوچىنىڭ قەلبى،
قىزىل چوغ بولۆپ يېنىپ،
شەرۋەت كولىگە بېرىپ،
سۆنى چاڭگالغا ئېلىپ،
بىر ئىچەي دەپ تۆرغاندا،

خەت خىيالىغا كىلىپ،
گاڭگۇڭلۇقنى، مەرتىلىكنى،
جاندىن ئەتىۋا بىلىپ؛
خەتنى ئاپىرىپ بىرەي،
ئاندىن تاماشىە كورەي،
دەپ يولغا راۋان بولدى،
پىيادە كارۋان بولدى.

سىيىت نوچى ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خىتىنى ئېلىپ، خەن دارىنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، دارىنىڭ ئېيتقانلىرى:

هەي نوچى،سىيىت گاڭگۇڭ،
كەپسىز تىچ - ئامان.
يۇرتمۇ - يۇرتلار ئايلىنىپ،
ئېشىپ تاغ - داۋان.

بىزمۇ سىزنى ياد ئېتىپ،
تۇردۇق هەر زامان.
نىمە ئىشلار كوردىڭىز،
قىلغايسىز بايان.

سىيىت نوچىنىڭ جاۋابى:

كەزدىم دەشتى-باياۋان،
ئېشىپ تاغ - داۋان.
نەگە بارسام پۇخرانىڭ،
هالى بەك يامان.

زالىملارنىڭ زۇلمىدىن،
باغرى لەختە قان.

ئىچكىنى ئوغا-زەھەر،
چەككىنى پىغان.

ئۈچ-تۆرپاندا ما دوتەي،
يېزىپ بەردى خەت.
سىزگە تىلەپ ئامانلىق،
دولەت-پاراغەت.

بۇ مەندىكى ئامانەت،
قېنى مەرھەمەت.
سىزگە ئۈشبۇ سوغىنى،
ئېلىپ كەلدىم ئاران.

خەن دارىن سىيت نوچىنىڭ قولىدىن ما دوتەي يېزىپ بەرگەن ئۇلۇمنامىنى ئېلىپ ئوقۇپ، كوڭلىدە خۇشال بولۇپ ئېيتقان قوشىغى:

ھەي نوچى - سىيت گاڭگۇڭ،
نىمەڭ بۇ ئېلىپ كەلگەن؟
ئوزەڭنىڭ ئۇلۇمنامەڭ
مادوتەي يېزىپ بەرگەن.

يىرتىۋەتسەڭ بولمامدۇ؟
يۇتتۇرىۋەتسەڭ بولمامدۇ؟
تاشلاپ ئوتقا - ئاتەشكە
كويدۈرۈۋەتسەڭ بولمامدۇ؟

مەن ساڭا ئىجىل- ئامراق،
ئۆلتۈرەي سىنى قانداق؟
ئۆلتۈرمەي دىسەم، نوچى،
خانىنىڭ يارلىغى شۇنداق.

ئۆلۈمنامەڭنى كۆرگەندە،
كۆكسۈمگە پىچاق پاتتى.
قانداق قىلىمىز گاڭگۈك،
ئەجەپمۇ بىشىم قاتتى.

سىيىت بولۇپ ھەيرانە،
جاۋاپ بەردى مەردانە:
ـ ھەي دارىن ـ دىدى گاڭگۈك،
تەڭلىكتە تۇرۇپ قالما.
خانىنىڭ ئالدىدا ئاسى-
گۇناكار بولۇپ قالما.

چىرىكلەرگە ئېيت دەرھال،
مىلتىققا ئوق سالسۇن.
ھايالسىز جېنىم ئالسۇن،
„گاڭگۈك“ دەپ ئېتىم قالسۇن.

جاللاتلار كىلىپ شۇدەم،
بوينىغا تاقاق سالدى.
پۇتىغا سىلىپ ئىشكەل،
زىندانغا سولاپ قويدى.

ئون تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتتى،
كۆك يىت، بۆرگە يەپ كەتتى.
مەرت يىگىتنىڭ ـ گاڭگۈكنىڭ،
تاقىتى تۈگەپ كەتتى.

دىدى ئۇ: چىدامىم يوق،
يا بۆلەك تامايىم يوق،

ئۇلتۇرسەڭ بۈگۈن ئۇلتۇر،
ھېچقانداق گۇنايىم يوق!...

ئامباللار جەم بولۇشتى،
تورت ئاتلىق ھارۋا قوشتى،
ئېلىپ سىيىت گاڭگۇڭنى،
ھارۋا يولىغا چۈشتى.

توققۇز پاي پو ئاتقۇزۇپ،
ھارۋىنى تېز ماڭغۇزۇپ،
توققۇز دەرۋازىغا يۈزدىن،
تورت يۈز چېرىك تۇرغۇزۇپ.

قارىنقى دەرۋازىغا،
ئېلىپ كەلدى پالۋاننى.
قەشقەرنىڭ يىگىتلىرى،
ئوراپ ئالدى ھەريانىنى.

«ئەي نوچى - سىيىت گاڭگۇڭ
نىمە گەپ، نىمە ئىش بۇ؟
يۇرتنىڭ بېشىغا چۈشكەن
قانداق ئەلەم - تەشۋىش بۇ؟

كىم سالدى كىشەن سىزگە؟
كىم سالدى تاقاق سىزگە؟
بۇ قەشقەردە كىم ئالماق
بولمامدۇ راۋا بىزگە؟»

تۆتتى بىر قاچا شەربەت
رازى بولۇڭ، بىزدىن دەپ.
رازى بىز ئومۇر ۋايەت
سىيىت نوچى - سىزدىن دەپ.

شەرۋەتنى ئىلىپ گاڭگۇك،
ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ،
خەير، خوش، قىرىنداشلار،-
دىدى سوزىنى باشلاپ:

«ئىزىزانە يولداشلار،
مەندەك نادان بولماڭلار!
چوشۇپ ھىلە - قىلتاققا،
ناھەق قۇربان بولماڭلار!...»

سىيىت ئاخۇن - سىيىت گاڭگۇك،
ئەلدىن رازىلىق ئالدى.
ھارۋۇمۇ قومۇش بازىرى،
قوينىغا بېرىپ قالدى.

-ئات! - دىدى سىيىت گاڭگۇك،
ھارۋىدىن چۇشۇپ سەكرەپ.
ئات جاللات! يۇرەككە ئات!
مىلتىغىڭنى راس بەللەپ.

تەپكىنى بېسىپ جاللات،
ئوزى يىقىلىپ كەتتى.
مىلتىغىدىن ئوق چىقماي،
پىستان چىقىلىپ كەتتى.

ئىككىنچى رەت ئاتقان ئوق،
كىلىپ تەگدى تاغاققا.
سىيىت ئاخۇن دىدى شۇدەم،
مىلتىق ئاتقان جاللاتقا:

مىنى ئاتساڭ ئۇستاڭ ئات،
نا ئۇستاڭ يېقىن كەلمە.
سول كوكسۇمنى چەللەپ ئات،
جا ئۇستاڭ يېقىن كەلمە!...

سىيىت ئاخۇن - سىيىت گاڭگۇڭ،
تىلى تۇرار ئىدى سوزلەپ،
ماداخۇ دىگەن دارىن،
ئاتتى كوكسىنى كوزلەپ.

سىيىت ئاخۇن دىگەن گاڭگۇڭ
جېنىدىن جۇدا بولدى.
جاللاتلارغا خەن دارىن،
يار - يولەك پانا بولدى.

گاڭگۇڭمۇ ئولۇپ كەتتى،
تۇپراققا كىرىپ كەتتى.
بۇ ئەلەم-مۇسىبەتتىن،
يۇرەك يېرىلىپ كەتتى.

چالدى مۇڭ بىلەن قەشقەر،
دۇتتارى - راۋابىنى.
ئولمىسەك ئىچەرمىز دەپ،
تاڭ ۋەسلى شارابىنى.

نوچىنىڭ ئېتى - نامى،
ئەلنىڭ يادىدا قالدى.
يۇرەك باغرىدا قالدى،
راۋاپ تارىدا قالدى.

# لاشمان قوشاقلىرى

1916 ـ يىلى پادىشاھ نىكولاي ئىلى رايونىمىزدىن ...نىڭ يەركەنت، ئاقسۇ ۋىلايىتىگە كوچۇرۇلگەن ... ئارىسىدىن 1000 كىشىنى لاشمانلىققا تۇتۇش ھەقق...

چۇشۇرىدۇ. بۇ يەردىكى ئۇيغۇر خەلقى چار پادىشانىڭ بۇ ئىغا ناھايىتى نارازى بولۇپ، ئوچۇق قارشىلىق كورس... لېكىن، فېئودال سىنىپلارنىڭ قولچوماقچىلىرى ـ بەگ ـ خوجا ئەللىك بېشى، بولوسلارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن بىر تۇرك ئۇيغۇر ياشلىرى لاشمانلىققا تۇتۇپ كېتىلىدۇ. نېتىجىدە يۇر... مەھەللە چولىسرايدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇزلىرىنىڭ قوۋمى ـ قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىدىن، بېقىپ ئوستۇرگەن يىگىت ـ بالىلىرىدىن ئايرىلىدۇ. يەركەنت ئاسمىنىنى كەمبەغەل خەلقنىڭ ئاھۇ ـ زارى ۋە پەريادى قاپلايدۇ. لاشمانلىققا تۇتۇپ كېتىلگەنلەر ئالمۇتا، يۇزۇپكا قاتارلىق جايلاردا ھەيدىلىپ يۇرۇپ، كومۇر خاڭلىرى ۋە ۋاگون يوللىرىدا قۇل بولۇپ ئىشلەپ، كورمىگەن كۇنى قالمايدۇ، ئادەم تارتقۇسىز ئازاپ ـ ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كوچۇرىدۇ.

بۇ قوشاقلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەزەلدىن چار روسىيە پادىشاسى نىكولايغا بولغان سىنىپى ئوچمەنلىكى، چەتئەلنىڭ بوزەك قىلىشى بىلەن چىدىغۇسىز دەرت ـ ئەلەم تارتقان خەلقنىڭ نىكولاينىڭ مالاي ـ غالچىلىرىغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى، ئۇز قېرىنداشلىرىغا بولغان چوڭقۇر مېھرى ـ مۇھەببىتى ئىپادىلەنگەن.

يىگىتلەرنى لاشمانلىققا ئېلىپ ماڭغاندا ئېيتقان قوشاقلار

ئۇستەڭ ياقىلاپ مېڭىپ،
ئات قامچا تېپىپ ئالدىم.
لاشمانلىققا كەتكەنلەرنى،
قوشاققا قېتىپ ئالدىم.

ئۈچ يۈز ئاتمىش كۆنلەردە،
يىغلىغاندۇر چوللەردە.
ئۇششاق بالىلىرى بارلار،
زار يىغلايدۇ يوللاردا.

ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن،
بوك-بوك قوڭغۇز ئەمەسمۇ؟
يىگىتلەرنى تۇتۇپ بەرگەن،
ئازات توڭغۇز ئەمەسمۇ؟

لاشمانلىققا ماڭغاندا،
ئەل غەمدە يىغلاپ قالدى.
ئامان بولغىن بالام! دەپ،
قارا كوزگە ياش ئالدى.

ئايالLار تولا يىغلاپ،
ياغلىق ئۈچى هول بولدى.
ئىشقا كىتىپ ياش بالا،
يۇرتىنىڭ ئىچى چول بولدى.

ئىشىگىدە سۇ ئاقار،
سۇتېگىدە قۇم ئاقار.

لاشـمانلىقتا كەتكەنىنىڭ،
بالىسىنى كىم باقار؟

ئاتا-ئانا بىچارە،
زار يىغلىشىپ قالماقتا.
كوڭلى قارا نىكولاي،
ياش باللارنى ئالماقتا.

ئۇستەڭ ياقىلاپ ماڭسام.
ئۇروسلارنىڭ مۇنچىسى.
لاشـمانلىقتا كەتكەنلەر،
قىزىل گۇلنىڭ غۇنچىسى.

پەرەڭ ياغلىق تىكىپسىز،
ئۇنى ئۇچمەيدۇ دەمسىز؟
ئىرىڭىزنى سېتىۋەتتى،
ئۇنى بىلمەيدۇ دەمسىز؟

قارىغاينىڭ يوپۇرماغى،
قاتمۇ-قات بولار ئىكەن.
قېرىنداشتىن ئايرىلساڭ،
خويمۇ دەرت بولار ئىكەن.

شامال چىقسا گۇكىرەپ،
تال ئىگىلىپ پەس بولدى.
زالىملارنىڭ زۇلمىدىن،
كۈن ئالماقمۇ تەس بولدى.

ئۇروسلارنىڭ دوختۇرى،
ياش باللارنى كورىدۇ.

ماڭ ئالدىغا ! سەن تۇت ! دەپ ،
كەمبەغەلنى ئۇرۇدۇ .

بىز يەركەنتتىن چىققاندا ،
ئاتلار قالدى تىزىلىپ .
ئامان بولساق كورۇشەرمىز ،
قۇچاغلىشىپ ، ئېسىلىپ .

يەركەنتتە ئىككى مىچىت ،
بىرى خەلپە ، بىرى تاش .
لاشىمانلىققا كەتكەننى،
كورەرمىكىن ئەزىز باش .

ھاجى توڭغۇز يەركەنتنىڭ ،
بالىلىرىنى كوپ ساتتى .
ئوزى ئېلىپ جىق پۇلنى ،
قوسىغىنى دومبايتتى .

بىزيەركەنتتىن ماڭغاندا ،
ئامبال- دوتەي ئۇزاتتى .
بەش كۈن ئوتمەستىن تېخى ،
قىيامەتنى كورسەتتى .

دەريا بويىغا كەلسەك ،
قىلۋىدىن بوران بولدى .
لاشىمانلىققا ماڭغانلار،
يىغلىشىپ راۋان بولدى.

شاكىرجاننىڭ دوپپىسى ،
ياغاچ قوزۇقتا قالدى .

شاكىرجاننىڭ ئانىسى ،
ھەسرەت-قايغۇدا قالدى .

ئىگىز دوڭنىڭ باغرىدا ،
ئۇششاق-ئۇششاق قارا تاش .
لاشمانلىققا ماك دەيدۇ،
ئىسلام ئاخۇن ئەللىك باش .

ئۇستەڭ سۈيى ئېچىلدى ،
توغانلىرى چېپىلدى .
لاشمانلىققا كەتكەنلەر،
مال ئورنىدا سېتىلدى .

يەركەنتنىڭ بازارىغا ،
كىرگەندۇ ئۇلاق ،سامان .
ئاڭلاڭلار بۇرادەرلەر .
بىزنى كويدۇرگەن زامان .

ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم ،
يوپۇق ياپىمەن ئەندى .
سويگەن ياردىن ئايرىلىپ ،
يالغۇز ياتىمەن ئەندى .

ساندۇق ئىچىدە ئوزۇم ،
يىغلايدۇ قارا كوزۇم .
لاشمانلىقتا بىز ئاجىز،
ئوتمەيدۇ مىنىڭ سوزۇم .

كىلىمەن ئۈزۈن يولدا ،
كەينىمگە بەك قايرىلىپ .
قارىماس ئىدىم دوستلار،
ئانام قالدى ئايرىلىپ .

بىزنىڭ تاپقان پۇلىمىز ،
نىكولاينىڭ قولىدا .
خويما زىلۋا يىگىتلەر،
لاشىمانلىقنىڭ يولىدا .

نىكولاي باغرى تاشتىن ،
ئۇيازغا كەلدى بۇيرۇق .
زالىملار ئاتقا مىنىپ ،
بىزگە قىلماقتا زورلۇق .

ئاقساقالغا يالۋۇرسام ،
ئويلاپ باقايلى،دەيدۇ .
ئەللىك بېشى ئامبالدىن ،
سوراپ باقايلى،دەيدۇ .

ئاقساقالغا يالۋۇرسام ،
ئاقچاڭ بولسا بەر، دەيدۇ.
پۇلۇڭ بولمىسا سىنىڭ ،
لاشىمانلىققا بار،دەيدۇ.

لاشىمانلىققاماڭغاندا ،
يەركەنتلەرگە قار ياققان .
قېيىم بەگ، ھاجى بولۇس ،
بىزنى ئاقچىغا ساتقان.

قورقمايمىز بىز بۇرادەر ،
زالىملارنىڭ دوقىدىن .
ئاتا-ئانا خەت سالغىن ،
يۈرۈپ تۇرغان پوچتىدىن .

قولىمىزدا ئاق ياغلىق ،
كوز ياشلارنى ئەيتىمىز .
ئاتا-ئانىنى تاشلاپ ،
يۇرتتىن قانداق كېتىمىز ؟

يەركەنتتىن چىقىپ كەتتۇق ،
ئالمۇتىغا بىز يەتتۇق .
قىشنىڭ كۈنى سوغلاردا ،
مۇشەققەتنى كوپ تارتتۇق .

ئالمۇتا خەلقى بىزگە،
چاچاڭ قىلدى يوللاردا .
خۇشال بولۇپ ھەممەيلەن،
رەھمەت ئېيتتۇق ئۇلارغا.

بۇيرۇق بەرگەن نىكۇلاي،
مىڭ لاشمانچى ئالسۇن،دەپ.
كوپ ئادەم دۇئا قىلدى
ئامان - ئېسەن يانسۇن،دەپ.

لاشمانلىققا ماڭماستا،
ئادەملەر ئېتىلىپ كەتكەن.
زالىم بولۇس-مىڭ بېشى،
ئاقچىغا سېتىلىپ كەتكەن.

لاشمانلىقلا يازدۇدى،
مىلڭ يىگىتنى يارىتىپ.
قۇلاق سالماي زالىملار،
ئەل ھەم يۇرتنى يىغلىتىپ.

بىزنى نىكۇلاي ئالغاندا،
ئاكۇپ كولايسەن،دىگەن.
بىز قايتالمايمىز دەپ،
ئەزىز جاندىن غەم يىگەن.

بىچارەلاشمانلىقلار،
زالىملارغا باغلانغان.
ئاخشمى ناخشا ئېيتىپ،
كوچىلارنى ئايلانغان.

كوچىلارنى ئايلانساق،
ياربويىدا تۇرغۇزدى.
قېچىپ كەتمەك بولدى دەپ،
زالىملارغا تۇرغۇزدى.

بىز كەلگەچە ئاتىلار،
ئامان بولسۇن ئانىلار.
بىركۇنى ھەم قايتارمىز،
بىزنى كۇتسۇن بالىلار.

ھەر جۇمەدە توپلۇشۇپ،
ئۇستەڭ بويلاپ ئوينايتتۇق.
بىزنى تۇققان يۇرتىمىز،
يەركەنتكە تويمايتتۇق.

لاشـمانلىققا ماڭغاندا،
يەركەنتتە ئاتام قالغان.
ئامان بول ئانا دىسەم،
قارا كوزىگە ياش ئالغان.

بازار تەرەپكە ماڭدۇق،
«زامانەي» دەپ ناخشا ئېيتىپ.
سوغۇقتا ئېلىنىپ ماڭدى،
كەمبەغەلنى قاقشىتىپ.

هاۋادا ئۇچۇپ يۇرگەن،
ۋىچىر ـ ۋىچىر قالىغاچ.
لاشـمانلىققا ماڭغاندا،
بالام قالغان يالىڭاچ.

لاشـمانلىققا تۇتۇپ كېتىلگەن يىگىتلەرنىڭ خاڭدا ۋە ۋاگۇنيوللىرىدا ئىشلەپيۇرۇپ ئېيتقانقوشىغى:

ئالمۇتىدىن خەت سالدىم،
يېرىم ئالمىنى چىشلەپ.
ئامان بولساق كورۇشەرمىز،
ۋاگۇن يولىدا ئىشلەپ.

ۋاگۇن يولى قايدا دۇر،
تۇپراقلىرى مايدادۇر.
لاشمانلىققا كەتكەنلەر،
قارا كومەچ نان يەيدۇ.

لاشـمانلىققا ماڭغاندا،
پۇتلار تېشىلىپ كەتكەن.

قىزىلگۈلدەك يىگىتلەر،
خاڭلاردا ئولۇپ كەتكەن.

ئېتىزدىكى بوز تورغاي،
باللىرىغا دان بەرگەن.
تۇراخۇن جېنىم دوستۇم،
خاڭ ئۈستىدە جان بەرگەن.

يۇزۇپكا دىگەن جايدا،
ۋاكۇنلارنى ھەيدەيمىز.
قالغانلاردۇئا قىلسۇن.
ئامان بولساق قايتارمىز.

كەتمەن بىلەن گۇرجەكلەر،
لاشمانلىقنىڭ قولىدا.
ئولسەك جېنىمىز پىدا،
كەمبەغەلنىڭ يولىدا.

يۇزۇپكىغا بارغاندا،
ئىشلىدۇق كومۇر خاڭدا.
كېچە - كۈندۈز ئىشلەيمۇ،
زادى تويمىدۇق نانغا.

كېچىلەردە ئىشلەيمىز،
خاڭلاردا كومۇر تاشقا.
چاپسانبول! دەپ ئۇرۇدۇ،
قامچىلار بىلەن باشقا.

ئاتا - ئانام سورىسا،
يۇزۇپكا شەھرىدە دەڭلار.

قولىدا كەتمەن-گۈرجەك،
ئىشلەپ تۇرۇدۇ دەڭلار.

كەتمەن بىلەن گۈرجەكنى،
تاش كومۇرگە چاپىمىز.
يەركەنتتە ئامان بارمۇ؟
بىزنى تۇققان ئانىمىز.

يۇزۇپكىدا ئىشلەيمىز،
يەرنىڭ ئاستىدا-خاڭدا.
خۇدايىمغا يىغلايمىز،
سەھەر ۋاقتىدا-تاڭدا.

زەمبىلدە كومۇر توشۇپ،
قوللار قاپىرىپ كەتتى.
ئاچلىق بەك يامان ئىكەن،
بەللەر پۈكلۈنۈپ كەتتى.

بىرمۇنچىمىز ئىشلەيمىز،
پويىزلارنىڭ يولىدا.
بەك تولا ئازاپ چەكتۇق،
زالىملارنىڭ قولىدا.

قەيەر بېرىشنى بىلمەي،
فىرۇنزىدە ئۈچ ئاي تۇردۇق.
ژاندارما ھەم پولىتسىيىدىن،
تۈگۈمەس ئەلەم كوردۇق.

ئاسمانغا چىقاي دېگىز،
بولۇتقا سالاي كىگىز.

زالىملارنىڭ كوكسىگە،
سانجىيمەن تومۇر بىگىز.

قوينۇمدىكى توقاچنى،
سىيادان سىلىپ ياپقان.
باي باللىرى ئورنىغا،
زالىملار بىزنى ساتقان.

ناغرا-دۇمباق چىلىندى،
يىغا - ئۇنلەر تارالدى.
ئاۋات بولغان شۇ يەركەنت،
بارات ئايدا بۇزۇلدى.

ئاقسۇدىن لاشمانلىققا ماڭغان يىگىتلەرنىڭ ئېيتقان قوشىغى:

ئەسسالامۇ-ئەلەيكۇم،
"دانىشمەن" ئەللىك بېشى.
قىرىق يىگىت بىرەي دەپ،
قول قويغان ئەللىك بېشى.

قىرىق يىگىت ئاتلانسا،
كورۇنمەس سايىنىڭ تېشى.
لاشمانلىققا ماڭغاندا،
قورىدى كوزنىڭ يېشى.

لاشمانلىققا ماڭغاندا،
كەينىمىزگە قايرىلدۇق.
ئۇرۇق-تۇققان قېرىنداشتىن
ئولمەي تۇرۇپ ئايرىلدۇق.

قارا ئېتىم تاي ئىدى،
يوغان بولدى-ئات بولدى.
لاشمانلىققا كەتكەنلەر،
نىكۆلايىغا خار بولدى.

ئاق كەپتەر، چىلان كەپتەر،
ئاق بۇغدايدىن دان يەيدۇ.
لاشمانلىققا بىز ماڭدۇق،
ئاتا - ئانام غەم يەيدۇ.

بايىنىڭ بالىلىرى قالدى،
بولۇسلەرگە پۇل بېرىپ.
گاداي بالىلىرى كەتتى،
يىرتىلغان چاپان كىيىپ.

ئاتمىش بەشچە بالىنى،
ئالدىغا ئىلغاپ تۇرۇپ.
"چاپسان بول!" دەپ ھەيدىدى،
قامچىلاپ ئۇرۇپ يۇرۇپ.

ئالتە يۈزچە بالىنى،
بىر-بىردىن ساناپ قويدى.
بولۇسلارنى تىللىسام،
زەي ئۆيگە قاماپ قويدى.

لاشمانلىققا بار دەيدۇ،
قايسى يەردۇر بىلمەيمىز.
خوش دوستلار، ئاغىنىلەر،
بىز ئاۋاتقا كەلمەيمىز.

كوپ ـ كوك يېشىل پوتامنى،
بىلىمغا باغلاپ قويدى.
تۇرسۇندەك يالاقچىنى،
يۈز بېشى سايلاپ قويدى.

ئاقساقالنى تىللىدىم،
بىزگە قىلدى كوپ زورلۇق.
لاشمانلىققا بارمايمىز،
سېتىپ ئالغان قۇلۇڭ يوق.

- يىگىتلەر لاشمانلىققا ماڭغاندا، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ
ھەسرەت چېكىپ زارلىنىپ ئېيتقان قوشىغى:

بېغىمغا گۈل تېرىسام،
ئېچىلماي توزۇپ كەتتى.
لاشمانلىققا كەتكەنلەر،
ياش تۇرۇپ ئولۇپ كەتتى.

بىز قېرىلار ئۈستىگە،
ھەر قەدەمدە مىڭ جاپا.
رەھىمسىز بۇ بەگلەردىن،
كورمىدۇق ھېچبىر ۋاپا.

بىچارە يىگىتلەرنىڭ،
تېپىلارمۇ خوشلىغى.
قىزىل گۈلنى ئۈزۈپ بەرگەن،
ئوزىمىزنىڭ بوشلىغى.

بايلار ھەرگىز غەم قىلماس،
ھەممىسى ئويدە يېتىپ.

قايتۇرۇۋالدى بالىنى
بەزىسى بەگدىن سېتىپ.

كەلمىگەن بۇنداق بالا،
كورمىگەن ئاتا ـ بوۋا.
قىرىنداش قىلسۇن داۋا
يوق بولەك مۇندىن داۋا.

لاشماندىكى ياشلارنى،
كورگىلى بولارمىكىن؟
سولاشقان مىنىڭ جېنىم،
سەن كەلگىچە تۇرارمىكىن؟

مايسا تېرىپ، دان تېرىپ،
جان ساقلىدۇق ھەممىمىز.
يۇرتىمىزدىن يوقالدى،
قايان كەتتى بالىمىز.

تاش ئاتتىم سايغا چۈشتى،
سايىنىڭ تاشلىرى ئۇچتى.
جان بالام، جېنىم بالام،
قارا كوزۇمدىن ئۇچتى.

قارا ـ قارا قاغىلار،
ئىگىز ـ ئىگىز ئۇچۇقلار.
مىنىڭ باللىرىم نەدە؟
خەۋەر بىرىپ تۇرۇڭلار.

تام ئۇستىگە تام قويدۇق،
ھويلىنى يوغان قورۇپ.

قەيەرلەردە يۈرگەندۇ،
بالىلىرىم غېرىپ بولۇپ.

يار بويىدا بەش ئۆدەك،
بەشلىسى بىر خىلدەك.
لاشمانلىقا كەتكەنلەر،
ئېچىلغان قىزىل گۈلدەك.

ئىگىز دوڭگە ئۆي سالدىم
قۇم چوگۈنغا چاي سالدىم.
لاشمانلىقا بالامغا،
پوچتا بىلەن خەت سالدىم.

يۇقارقى گازارمىغا،
سولاپ قويدى بالامنى.
قانداق تاشلاپ كىتەرسەن،
جېنىم بالام ئاناڭنى.

ئون ئالتىنجى يىلىدا،
مالاي بولدۇق ھەممىمىز.
بالىلاردىن ئايرىلدۇق،
قانداق كونلەر كورىمىز؟

ئالمىلار پىشىپ قالدى،
يېشىل باغلار ئىچىدە.
ئامان يانغىن سەن بالام،
يالغۇز ئاناڭ بەختىگە.

ئوڭ قولۇمدا ئوڭ ئۈزۈك،
سول قولۇمدا سول ئۈزۈك.

بالامدىن ئايرىلغىچە،
ئولۇپ كەتكىنىم تۈزۈك.

ئالتىنچى ئاي باھاردا،
ئارا، گۈرجەك خاماندا.
بالىلىرىمنى يادلايمەن،
بىر كورۇشكە ئارماندا.

ئوت يېقىلدى جېنىمغا،
ھېچ كىشى بىلمەس ئۈنى.
خۇدايىمغا تاپشۇرۇپ،
قويدۇم بالىلىرىم سىنى.

غەيرىتىم،جان قۇۋۋىتىم،
باندىكى رۇستەملىرىم.
سۇ قۇيۇپ تەربىيە قىلغان،
باغدىكى بوستانلىرىم.

سەندىن خوشلۇشۇپ قالدى،
ئاقسۇ، كەتمەن تاغلىرى.
قولۇمدىن ئۈزۈلۈپ كەتتى،
بۇ يۈرەكنىڭ باغلىرى.

بۇ يۈرەك قاينايدىغۇ،
ئوتتا قويغان چەينەكتەك.
ئارقاڭلاردا بىز قالدۇق،
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك.

ئەمدى مەن قانداق قىلاي،
بۇ يىگىتلەر بەختىنى.
ساقلىغىن ئاللا كېرىم،
ئوت ئىچىدە پاختىنى.

يۈز بېشىغا يىغلىساق،
سوزگە قۇلاق سالمايدۇ.
مۇنداق جەۋرى-جاپادا،
بالىلار ئامان يانمايدۇ.

تەمبۇرۇمنى چىكىمەن،
كۈندە يىغلاپ، ناخشا ئېيتىپ.
ئۇخلاپ يېتىپ يىغلايمەن،
جان بالامنى ياد ئېتىپ.

چىغلىق تىكەن ئىچىدە،
قومدىن تولا ئاق توشقان،
بۇ قوشاقنى قوشمايتتۇق،
دەرتكە پايلىماي قوشقان.

## ئامبال زۇلۇمى ھەققىدە

يېقىنقى يۈز يىللاردىن بۇيان جاھانگىر ۋە مۇستەملىكچىلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى، ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ قول - چوماقلىرى، زالىم ئامباللارنىڭ چېكرا رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قاتتىق ئېزىش ۋە تالان - تاراج قىلىشى- تارىختا كەم ئۇچرايدۇ.

مىللى زۇلۇم ۋە سىنىپى زۇلۇم تۈپەيلىدىن سەرسان بولغان خەلق ھەددى-ھېساپسىز. زالىملارنىڭ جىنايى قىلمىشىنى ئىلى دەرياسى ۋە تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن يۇغاندىمۇ تۈگىمەيدۇ.

بۇ قوشاق 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئامبال زۇلمىدىن چاك - چاك بولغان مۇڭلۇق قەلبىنى ۋە زۇلۇم - كۈلپەتكە يولغان چەكسىز غەزىۋىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

ئامبالغا ئامبال،
شايىدا تامبال.
يۇرتنى سوراپ يەيدۇ،
يامۇلدىكى ئامبال.

ئامبالنىڭ قىزى،
دايىنىڭ قىزى.
چوقۇر دىمەڭلار،
تاياقنىڭ ئىزى.

ئامبال ئالدىدا،
دايى كەينىدە.
مەن قانداق قىلاي،
زۇلۇم دەردىدە.

ئامبىلى ئاتلىق،
دايى قاناتلىق.
كۈندە يىغلايدۇ،
گۇناھسىز تاتلىق.

ئامبالغا ئاق چاي،
دايىغا كوك چاي.
گۈندىپايلارنىڭ،
كىيىنىنى پىچاي.

## ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە

مەرھۇم ئابدۇقادىر ئەزىزى (داموللا) يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇننى تۇتقان ئالىم، شائىر ۋە جامائەت ئەربابىدۇر. ئۇ، 1862 ـ يىلى (ھىجرىيە 1279 ـ يىلى) ئاتۇشنىڭ مەشھەت يېزىسىدا تۇغۇلغان، ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرى ئوز يېزىسىدا، بىلىم ئېلىش ۋە پائالىيەت ئىشلەش ۋاقىتلىرى قەشقەر، بۇخارا قاتارلىق جايلاردا ئوتكەن. كېيىنكى ھاياتى يېڭىچە مەكتەپلەردە مۇئەللىملىك قىلىش، مۇدەررىسلىك قىلىش ۋە جامائەت خىزمەتلىرى بىلەن ئوتكەن. ئۇ، ئىلىم ـ مەرىپەت تارقىتىش مەقسىدىدە ئۇيغۇرچە ئوقۇتۇشنىڭ ئۇسۇلى، دەرسلىك مەزمۇنى قاتارلىق تەرەپلىرىدە ئەجرى سىڭدۇرۇپ، «سەرپ ـ نەھۋى» (مورفولوگىيە

ۋە سىنتاكسىس) «ئىلمى تەجۋىت» (قىرائەت)، «ئىلمى ھىـ
ساپ» قاتارلىق كىتاپلارنى يېزىپ، مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك
جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلغان. ئۇ يەنە مەكتەپلەر-
دىكى ھوسنىخەت ئۆگىتىش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بىرىپ، ياش-
لار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ تەلىم - تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، «ئاقا-
ئىد زورۇرىيە» (زورۇر ئەقىدىلەر)، «ئىبادەت ئىسلامىيە» (ئىس-
لام ئىبادەتلىرى)، «تەلىم سەبىھىيان» (گۈدەكلەرگە تەلىم)، «نە-
سەيھول ئەپتال» (ياش - ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت) قاتارلىق كى-
تاپلارنى يېزىش بىلەنلا قالماستىن، مەتبۇئات ئىشلىرىنى
راۋاجلاندۇرۇپ، باشقا جايلاردىن مەتبەە ئالدۇرۇپ كىرىپ،
«نەسىھەتى ئام» قاتارلىق ئەسەرلەرنى باستۇرۇپ، ئاممىغا بىكار-
غا تارقاتقان، ئۇ يازغان «جاۋھىرۇل ھىقان» (ھەقىقەت جەۋھەر-
لىرى) ناملىق شېئىرى ئەسەرھازىرمۇ ئىسرىدىكى «ئەزھەر» ئىنىستى-
تۇتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئۇ يەنە «مۇپتاھىل ئە-
دەپ» (ئەدەبىياتنىڭ ئاچقۇچى) ناملىق نەزىرىيىۋى ئەسەر-
نى يازغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر ئۆز زامانىسىدا قەشقەردىكى
ئىختىساتلىق كىشلەرنىڭ ياردىمى بىلەن روسىيىنىڭ قازاندىكى
«مىللەت» مەتبەەسىدە نەشىر قىلىنغان.

ئابدۇقادىر ئەزىزى بىر ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر زات بولۇپ،
1900 - يىللاردىن كېيىن شىنجاڭغا دىن تارقىتىش نامى بىـ
لەن كىرىپ، ئەكسىيەتچىلىك، بۇلاڭ - تالاڭچىلىق ھەركىتى بىلەن
شۇغۇللانغان شۋىت مىسسىئونېرلىرىغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن كو-
رەشنى قانات يايدۇرغان. ئۇلارنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىغا باتۇر-
لۇق بىلەن باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچى گېزىت-
ژورنال ۋە دوختۇرلۇق ئەسۋاپلىرىنى چېقىپ، كويدۇرۇپ شۋىت-
لەرنى قېچىشقا مەجبۇرلاپ، جاھانگىرلارنىڭ قەشقەردىكى مە-

دىنىيەت تاجاۋۇزچىلىغىغا قاخشاتقۇچ زەربە بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن، جاھانگىرلار ۋە يەرلىك فېئودال ـ ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئۇنىڭ بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك جاسارىتىدىن قورقۇپ، يوشۇرۇن سۇيىقەست پىلانلاپ، ئىشپىيون، خائىنلارنى سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇنغان ۋە 1924 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قەشقەر شەھرى كونا ئوردىدىكى قىرائەتخانىسىدا شائىرنى ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇلۇغ ئالىم ۋە تالانتلىق شائىرنى خەلقتىن ئايرىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇيغۇر خەلقى ئابدۇقادىر ئەزىزى(داموللام) نى ئۆزىنىڭ «قەدىرلىك ئۇستازى» دەپ ھىساپلاپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ماتەم تۇتقان. نۇرغۇن مەرسىيە ـ ناخشا، قوشاقلارنى يېزىپ خاتىرلەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بارغان. بۇ قوشاق ئەنە شۇ تارىخى شارائىتتا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىنى رۇشەن ئىپادىلەپ بەرگەن.

بۇلبۇل ئىدىڭ بۇ باغدا،
سايرار ئىدىڭ بار چاغدا.
دۈشمەن سەندىن ئايرىدى
ئەجەپمۇ يامان چاغدا.

ئېتىڭ بەكمۇ چىرايلىق
ئابدۇقادىر ئەمەسمۇ؟
خەلقىمىزگە يول باشلاپ،
ئۆمرىڭ ئۆتكەن ئەمەسمۇ؟

ئۆلتۈرگۈزدى دۈشمەنلەر،
كورەلمىگەن مەن ـ مەنلەر.
سەنچۈن توكۈپ كوز ياشنى
يىغلاپ قالدى دەرتمەنلەر.

داموللام ئۆلۈپ كەتتى،
تالىپلار يېتىم قالدى.
سەن ياشىغان بۇ يۇرتتا،
شەيتانۇ ـ رەجىم قالدى.

ئاتۇش يولى تاشلىق ساي،
يېتىم يىغلار ماڭالماي.
قارشى چىقتى يولۇڭغا،
مۇتەئەسسىپ رودىپاي.

جايىڭ بولسۇن جەننەتتە،
هورلەر بولسۇن خىزمەتتە.
ئۇنۇتمايمىز بىز سىنى،
ۋەدىمىز شۇل ئەلۋەتتە.

ئاقسۇ، كۇچار تەرەپلەردە داموللام ھەققىدە توقۇلغان قوشاقلار

تاغلار ـ تاشلار تەۋرىشىپ،
قاتتىق چاقماق چاقنامۇ؟
دەريا سۇيى قان بولۇپ،
بۇگۈن تەتۈر ئاقنامۇ؟

قەشقەرنىڭ ھاۋاسىنى،
چاڭ ـ تۇمانلار باسقانمۇ؟
قەشقەرنىڭ جاھانىنى،
قايغۇ ـ ماتەم باسقانمۇ؟

ئاي تۇتۇلماس دەپتىمىز،
كۈن تۇتۇلماس دەپتىمىز.
داموللىغا دەيۈزلەر،
قەست قىلالماس دەپتىمىز.

قىلماق بولغان قەستىگنى،
ماڭا قىلساڭ بولمامتى؟
قولۇڭدىكى پىچاقىنى،
ماڭا سالساڭ بولمامتى؟

داموللام شېھىت بولدى،
ياتار جايى بېھىش بولدى.
داموللامغا قەشقەرلىق،
كۆپ يىغلاپ بېھۇش بولدى.

ئاق قۇچقاچ چۇرۇقلايدۇ،
چاڭگاسىنى تاپالماي.
تالىپ باللا يىغلايدۇ،
داموللامنى تاپالماي.

داموللام چىراقىغا،
پەرۋانە بولاي دەيمەن.
ناھەق بولغان بۇ ئىشقا،
دىۋانە بولاي دەيمەن.

داموللامغا قەست قىلدى،
يۈزى قارا دەيۈزلەر.
كوڭلىدە چىراغى يوق،
دىلى قارا ياۋۇزلار.

Altunoq

## قايقا داۋان قوشىقى

19- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدا، چارروسىيە جوڭگو زىمىنىنى يانىمۇ ئىلگىرلەپ بىسىۋىلىشنى قەستلەپ، تومۇر تىرنىغىنى ئىلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئىلى رايونىغىچە سوزغان. ئىلىدىن روسىيە زىمىنىغا مەجبۇرى كوچۇرۇلگەن بىر توركۇم ئۇيغۇر خەلقى 1916- يىلى لاشمان (قارا خىزمەت) خىزمىتىگە بالا ئىلىش توغرۇلۇق چارروسىيە پادىشاسىنىڭ بويرىغى چىققاندا، „بالا بەرمەيمىز“ دەپ قاتتىق قارشىلىق كورسەتكەن، شۇ چاغدا پادىشا جاللاتلىرى 12 ئادەمنى „قايىقا“ دىگەن داۋاننىڭ ئۇستىدە ئاتقان ئىدى.

بۇ قوشاقتا چارروسىيەنىڭ ئەنە شۇ قانلىق جىنايىتى پاش قىلىنغان ۋە شىكايەت قىلىنغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زالىم نىكولايغا قارشى قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق جاسارىتى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.

ئاڭلاڭلار خالايىقلار،
ئۇلاتا ئىيتقان بىيىتنى.
لاشمانلىققا توتۇپ بەردى،
ھەمدەم دىگەن شىھىتنى.

قايقا داۋان تاغلىرى،
توكۇلگەندۇر قانلىرى.
تۇتۇپ نەيزە سالغاندا،
سىقىرىغاندۇ جانلىرى.

توختىنسياز دىگەن باتۇر،
قايقا ئۇستىدە ياتۇر.
كوپنىڭ غېمىنى كوزلەپ،
ئوز بېشىنى يەپ ياتۇر.

يەرلىكنى كولاۋېتىپ،
كەتمەن قايرىلىپ كەتتى.
قايقىنىڭ يىگىتلىرى،
ياش تۇرۇپ ئۇلۇپ كەتتى.

قارا-قارا قاغىلار،
بالىلىرىغا دان بەرگەن.
كىچىككىنە مۇساۋاي،
قايقا ئۇستىدە جان بەرگەن.

دۇشمەنلەر چىقىپ كەلدى،
قايقا ئۇستىدىن ئوتۇپ.
شېھىت بولغان يىگىتلەر،
قالدى قانلارغا پېتىپ.

يوقۇرىدىن چوشۇپ كەلگەن،
جىرەن كوزلۇك چاروللا.
قايقا ئۇستىدە ياتۇر،
قۇندۇز كوزلۇك ياش باللا.

قايقا يولى تار ئىكەن،
ئىككى يېقى قار ئىكەن.
بالىسىنى كورمەككە،
بارچە يوقسۇل زار ئىكەن.

دۇلبۇل سايرار ياز كىلىپ،
كوك چىمەن باغ ئىچىدە.
جاننى بەردىڭ ۋاقتىسىز،
باياۋان تاغ ئىچىدە.

ئاسماندىكى ئاي قايدا؟
„ئاۋات“ دىگەن جاي قايدا؟
يۇرتىنىڭ كوزنۇرى بولغان،
توختىنىياز باتۇر قايدا؟

چول قايىقىنىڭ بىشىدا،
قار كوچمەي يىتىپ ئالدى.
شىھىت بولغان ئەرلەرنىڭ،
بالىلىرى يىتىم قالدى.

قايقا يولى ھەيۋەتلىك،
بۇلاق سۇيى شەرۋەتلىك.
مەخسىدىگە يىتەلمىگەن،
كىرىم ئاخۇن رەھمەتلىك.

ئوستەڭ بويىدا يالپۇز،
يالپۇزنىڭ شىخى يالغۇز.
جىنىمغىنە شۇ ئادەم،
قايقا ئوستىدە يالغۇز.

ئالما ئاتتىم دەرياغا،
لەيلىنىۋالدى، چوكمەيدۇ.
قىرىنداشنىڭ ئوتلىرى،
يالقۇندايدۇ، ئوچمەيدۇ.

ئوقنى ئاتتى يۈرەككە،
يېنىپ تەگدى بىلەككە.
باي زالىملار قىلىغىنى،
ئورناپ كەتتى يۈرەككە.

ئىشىك ئالدى توپ سىدە،
ئاتقا سېپىپ بېرەي بىدە.
زالىملارنىڭ زۇلمىدا،
بولدى يۈرەكلەر زىدە.

كەچ كىردى زاۋال بولدى،
دەرۋازىنى ياپقاندۇر؟
شېھىت بولغان يىگىتلەر،
قانغا مىلىنىپ ياتقاندۇر؟

ئۆستەڭ بويى سۆزۈك تاش،
ماڭغانلارنىڭ كۆزى ياش.
بۇ پەرمانىنى چىقارغان،
نىكولاي زالىم باغرى تاش.

## تاش ئاخۇنۇم ھەققىدە

تاش ئاخۇنوم ئاتۇش سۇنتاغ گۈكشي كېچىكز دىگەن جايدىن بولۇپ، ئۇز زامانىسىدىكى بىر ئىلغار ئىگىلىك باشقۇرغۇچى. ئۇ، ياش ۋاقتىدا سودا-تىجارەتنىڭ يوللىرىنى ياخشى ئۆگەنگەن. ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا..... قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، كوپ يىللار تۇرۇپ، سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ھەسەن بىلال ھاجىم بىلەن بىرلىكتە ئاتۇشنىڭ ئاغۇ دىگەن يېرىدە جۇمە مەسچىتى سالدۇرۇپ، سولتانى يۇسوپ بۇغراخانىنىڭ گۇمبىزىنى قايتا ياساش ئىشلىرىغا قول سالغان. شۇ ئارقىلىق تېزلا نام چىقارغان.

1914- يىللىرىدىكى1- جاھان ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن شىنجاڭغا كىلىدىغان تومۇر، چاي، گەزمال قاتارلىق خەلققە ئېھتىياجلىق بولغان سانائەت ماللىرى توسۇلۇپ قالغان، مۇشۇنداق تارىخى شارائىتتا، ئۇ، مىللى سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇزىنىڭ كوپ سەرمايىسى بولمىسمۇ، باي - خوجىلارنى ھەركەتلەندۇرۇپ، شىركەت ئېچىپ پاي توپلاپ، يەرلىك مىللى سانائەت ۋە قول سانائەتنى يولغا قويۇش يولىدا ھەركەت قىلغان، يېڭىشەرنىڭ » يامانيار « دىگەن يېرىدە پاختا زاۋۇدى قۇرۇپ،12 تاش تۇگمەن ياساتقان، ئاتۇشتىمۇشا تىۋاچىلىق-سەگەزچىلىك كارخانىسى ئاچقان، تاش ئاخۇنوم شۇ ۋاقتىدىكى ھوكومەت بىلەن بىرلىشىپ،قەشقەردە سەرەڭگە زاۋۇدى، سەگەز كارخانىسى، تېرىگە ئىش قوشۇش كارخانىسى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ، خەلقنى تەمىنلەپ، بازارنى ئاۋات قىلغان، تەڭگە

قويدۇرۇپ پۇل چىقارغان. ئۇ، مۇشۇنداق ئىشلار يۈزىسىدىن بىر ئابرۇيلۇق موتىۋەرگە ئايلانغان. بۇ قوشاقتا تاش ئاخۇنومنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي ئەھۋالى، ئۇنىڭ زاۋۇت-كارخانىلىرىدا ئىشلەۋاتقان مەدىكارلارنىڭ روھىي ھالىتى سۈرەتلەنگەن بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى جەمىيەت ئەھۋالىنى چۈشۈنىشىمىزگە پايدىسى بار.

تاش ئاخۇنوم تاش ئىكەن،
ئالغان خوتۇنى ياش ئىكەن.
خامغا ئۇششاق گۈل بېسىپ،
ئامبال بىلەن باش ئىكەن.

تاش ئاخۇنوم جازانى،
بىر يىل ئالدى بازارنى.
پۇل تېپىشنىڭ كويىدا،
تاشلىۋەتتى مازارنى.

ساسقا چۈشكەن ئودەكنى،
نادان باللا غاز دەيدۇ.
ئاتمىش ئالتە نىمكانى،
تاش ئاخۇنوم ئاز دەيدۇ،

ئاسماندىكى ئاينى كورۇك،
تاش ئاخۇنوم باينى كوروك.
ئىشلەپ ھارغان مەدىكارغا،
سەرلەپ بەرگەن ناننى كوروك.

## زالىم قازىلار ھەققىدە

ياڭ زىڭشىن، جىڭ شورىن، شىڭ شىسەي قاتارلىق هوكۇمرانلارنىڭ شىنجاڭ ۋە شىنجاڭ خەلقىنى ئىدارە قىلىش ۋە زىيانكەشلىك قىلىش جەھەتلەردىكى ماھىيىتى بىر بولغىنىدەك، ئىسلام دىنى تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ خەلقنى دەھشەتلىك ئەزگەن ۋە قاخشاتقان زالىم قازىلارنىڭمۇ ماھىيىتى بىر، تىلى بىر. بۇ، بىر توپ ئەبلەخلەر تېگىدىن بىر جاڭگالنىڭ بورىلىرى. بۇ قوشاقتا ـ قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە ئىڭرىغان شىنجاڭنىڭ غۇلجا قاتارلىق جايلىرىدىكى زالىم قازىلارنىڭ پۇخرالارغا قىلغان زىيانكەشلىكى بايان قىلىنغان. ئادالەتسىز زامانىنىڭ چومپەردىسى ئېچىپ تاشلانغان.

بۇ قوشاق ـ قاتمۇ-قات زۇلۇم ئاستىدىكى شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي تارىخى، جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش، چۈشۈنىۋېلىشقا نىسبەتەن مەلۇم قىممەتكە ئىگە.

ھوشۇر باقى، مەخپىر قازى،
نۇرى ساغلىق.
پۇخرالارنىڭ يۈرەك باغرىن،
قىلدى داغلىق.

قازى بولغان بەچچىغەرلەر،
بۇنداق بولسا؛
ئاخىرەتتە راھەت كورەر،
يېرى چاغلىق.

ۋادىرىخا، بۇلاردىن كوپ
ئەلەم يەتتى.
ئازابىدىن يۈرەكلەرگە،
جىق دەز كەتتى.

بۇ پانىدا مەنسەپ دىگەن،
شۇ قاتارلىق.
ئاخىرىدا بۇلارنىمۇ،
تاشلاپ كەتتى.

## خالق قوشىغى

1- جاھان ئۇرۇشىدىن كېيىن، يەرلىك پومىشىك- بۇرژۇ- ئازلار شىنجاڭنىڭ تەبىئى بايلىقلىرىنى تالان-تاراج قىلىپ، ئەمگەكچى خەلقنى دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلدى. قەش- قەردىن جان بېقىش كويىدا شىمالىي شىنجاڭغا چىققان تۇركۇم- تۇركۇم موساپىرلار ئۇ يەردىكى پىلىچى، كوكيار قاتارلىق كومۇر كانلىرىدا ئات- ئۇلاق ئورنىدا ئىشلەپ كورمىگەن كۇنى، تارت- مىغان دەرت-ئەلىمى قالمىغان ئىدى.

ئەينى يىللاردىكى خالق ئىشچىلىرىنىڭ بېشىدىن كوچۇر- گەن ئېچىنىشلىق ھاياتىنىڭ گوۋاچىسى بولغان بۇ قوشاقلار شىنجاڭدىكى تۇنجى ئەۋلات كومۇر خالق ئىشچىلىرىنىڭسىنىپى زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان ھەركەتلىرىنى بىلىۋېلىشىمىزغا، شۇ ئارقىلىق بۇگۇنكى يېڭى تارىخى دەۋردە غەيرەت- جاسارى- تىمىزنى ئۇستۇرۇپ، 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قورۇلۇشىغا تىگىش- لىك ھەسسە قوشۇشىمىزغا ئىلھام بىرىدۇ.

زوخاڭدىن چۈشۈپ كېلىپ ،
سۈنى چاپقان ئوخشايمەن.
بەرگىنى پۈچۈق ياماق ،
جاننى ساتقان ئوخشايمەن .

ئەردىڭ يۈپاڭمۇ دەيمىز ،
ساندىڭ يۈپاڭمۇ دەيمىز .
داڭقىدىن چۈشكەن ناننى ،
خام سۈغا چىلاپ بەيمىز .

ئىلىنىڭ داۋانىدىن ،
ئورۇق ئات ئوتەلمەيدۇ .
خاڭدىكى مۇساپىرلار ،
پۇلى يوق كېتەلمەيدۇ .

قەشقەردىن چىققان بالا ،
تەڭدىن تولىسى خاڭدا .
كەچكۈزدە كېتەي دىسە ،
بىردىن چاپىنى داڭدا .

چەنزە دىگەن تومۈرى ،
قاپ-قارادۇر كومۈرى .
خاڭدا ئىشلىگەنلەرنىڭ ،
بەكمۇ قىسقا ئومۈرى .

دىڭخۇلارنى كوتۈرۈپ ،
خاڭنىڭ تىگىگە چۈشتۈق .
ئومرىمىزدە كورمىگەن ،
ۋەيلۇن دوزاقنى كوردۇق .

خاڭنىڭ ئىچى قاراڭغۇ ،
قوللىرىدا دىڭ خولۇ .
دىڭ خولۇنى ئوچۇرۇپ ،
قوغلاپ چىقتى مىڭ خولۇ .

يىقسۇل ئالىدۇ چاڭسا ،
زۇخاڭدىن قاراپ ماڭسا .
باش يۇپاڭدىن ئوتكەندە ،
جاننى قولىغا ئالسا .

ئەردىڭ يۇپاڭ بار دەيسەن ،
ساندىڭ يۇپاڭ بار دەيسەن ؟
بېشىڭغا گەنزى چۈشسە ،
ئېستتقىنا جان دەيسەن .

باش يۇپاڭدىن ئوتكەندە ،
ئەردى يۇپاڭ بار دەيسەن .
خاڭ تېگىدە ئۇخلىساڭ ،
بوتوڭدىن تاياق يەيسەن .

جەنزە دىگەن بىر پالتۇ ،
سورەپ كېلىدۇ لاڭتۇ .
شى ئوزىنى ئويغاندا ،
ئەزىز باشقا مىڭ قايغۇ .

داڭ كاڭشو دەپ داڭلايسەن ،
پاكا چاڭساندۇ ماڭدايسەن .
دېڭغا بېشىڭنى ئۇرۇپ ،
«ئىسست، جان!» دەپ قاخشايسەن .

شاگجۇ چاپىدۇ ئەخمەت ،
شاجۇ چاپىدۇ رەخمەت .
ئۈچ چى سۇنى ئۇرىگەن ،
داۋاتۇرغا مىڭ رەخمەت .

قاسىم دىگەن شۇباتۇر ،
گەنجىڭ يىگىت ئەمەسمۇ ؟
بىگىسىنى كورسەتتى ،
باتۇر يىگىت ئەمەسمۇ ؟

كومۇرىمۇ ئورۇلدى ،
داۋاتۇرمۇ قۇتۇلدى .
بوتوڭ دىگەن دەيۇزگە ،
پومىدۇرلەر تۇتۇلدى .

لىگسى دىگەن قارا يۇز ،
بىشىمغا بالا بولدى .
زۇخاگدا تولا يۇرۇپ ،
كوزلىرىمگە قان تولدى .

كوڭلۇمنى ئاچاي دىسەم ،
دۇتتارىمنىڭ تارى يوق .
لىگسى باش تۇرۇپ بىزگە ،
ئولگەن بىلەن كارى يوق .

كاگشۇ فاگزىدا ياتسام ،
گوگتۇ كىلىپ قوغلايدۇ .
ئاچ قالغان يىتىمچىلەر ،
جىگموما ئوغۇرلايدۇ .

باغمىدى بولاي دىسەم ،
بولاشمايدۇ ، شىمىتى؟
گوڭتۈرىڭدىن قورقمايمەن ،
جان ئالار خۇدامىدى.

ئاۋۇت دىگەن گوڭتۈرى،
ئىسىپ قويىدى ئاسمىنى.
گۈندىخانا جايىڭ دەپ ،
سولاپ قويىدى قاسمىنى.

سەمەت دىگەن پاينەكباش،
لىگسىمەن دەپ توۋلايدۇ.
كاڭشۇلارنى يامان دەپ،
خاڭجالارغا بولايدۇ.

خاڭجالارنىڭ دەردىدىن،
قېچىپ كەتتى كاڭشۇلار.
مەلىدە ئەدەپ كەتتى،
قامچا تۇتۇپ شاڭيۇلار.

خاڭجانىڭ ئېتى ئەمەت،
لىگسىسى يامان سەمەت.
ئېيتساق ھەرگىز تۈگۈمەس،
ئىچىمىزدە تولا دەرت.

گوڭتۇلارغا بوغۇلۇپ،
خاڭلاردا يېتىپ قالدۇق.
خاڭجاسى يامان زالىم،
زۇلۇمغا پېتىپ قالدۇق.

خاڭجاسىدىن قورقماستىن،
سۈيدۈگگە كىرىپ كەتتۇق.
خوتۇن ـ بالىمىز ئاش دەپ،
تۈنلەر يېتىپ غەم يەيتتۇق.

كاكشۇمەن دەپ خاڭلاردا،
گوكتۇ بىلەن ئېتىشتۇق.
ھالىمىزغا كىم يەتسۇن،
ئېلىشالماي قېچىشتۇق.

كوكيارخاڭدىن ئەكەلدۇق،
قالايدىغان كومۇرنى.
ئىسسىق كورمەي ئوتكۇزدۇق،
ئېسىتقىنە ئومۇرنى.

قەشقەردىن چىققان باللا،
لەنتەيزىدە ئىشلىدۇق.
زالىملارنىڭ دەستىدىن،
خاڭ تېگىدە قىشلىدۇق.

زالىملارنىڭ خېگىدا،
مەمەت موللا شەنسىگتى.
يالاقچىلار ئالدىدا،
كۇن كوچۇرمەك تەس ئىدى.

يالاقچى ئىلەك دولان،
ئىبراھىمنىڭ گوكتۇرى.
ھەسەن بوتۇق ھىلىگەر،
قان يالىغان جوت بورى.

ھەسەن بوتۇك دوغىسى،
ئاتىخان‌شاگيۇ يورغىسى.
ھاۋۇزقارى مۇناپىق،
ئادەم ئالداش موللىسى.

خاگنىڭ ئاستىغا كىرىپ،
كومۇر بىلەن تاش ئالدۇق.
بالىلارنى خىيال قىلىپ،
قارا كوزگە ياش ئالدۇق.

كومۇر خاگدا ئىشلەيمىز،
ئايلىقىمىز بەش تەڭگە.
ئەجەپمۇ قىلىپتۇق بىز،
توگۇمەس ئازاپ-غەمگە.

كىچىلەپمۇ ئىشلەيمىز،
خاگلاردا كومۇر تاشقا.
بوتۇك كىلىپ ئۇرۇدۇ،
سىم قامچا بىلەن باشقا.

خاگنىڭ ئاستى قاراڭغۇ،
ماگالىمىدۇق يول تىپىپ.
قوللار قاپىرىپ كەتتى،
كومۇرنى دەپ تاش چىپىپ.

پىلىچىگە①چىقىپ بىز،
خاگدا كومۇر كولىدۇق.

---

①خالا ئىسمى

خاڭدا كومۇر ئورۇلسە،
«بارمۇ؟» سەن دەپ توۋلىدۇق.

زەمبىلدە توشۇپ كومۇر،
قوللار تېشىلىپ كەتتى.
قوساق ئېچى بەك يامان،
بەللەر پۇكلۇنۇپ كەتتى.

بىز سەيىسگە تۇتۇلۇپ،
ئىشلىدۇق كومۇر خاڭدا.
تېنىم تاپماي ئىشلەپمۇ،
قوساق تويمىدى نانغا.

ئېتىزدىكى بوز تورغاي،
باللىرىغا دان بەرگەن.
تۇداخۇن شۇ رەھمەتلىك،
خاڭ ئاستىدا جان بەرگەن.

قاتار - قاتار قاغىلار،
بارساڭلا سالام دەڭلار.
مېنى ئاتام سورىسا،
خاڭنىڭ ئاستىدا دەڭلار.

# مىللى نەغمە قوشىقى

ئۇيغۇرلار ئاپتۇ، چىلاپچا، جۇمبىل قازان ياساشتەك ھۇنەر-سەنئىتى بىلەن داڭ چىقارغان مىللەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇزلىرىنىڭ توي - توكۇن، مەشرەپ، مىھماندارچىلىق قاتارلىق تەرەپلەردىمۇ مۇقام ئاساس قىلىنغان مىللى نەغمىسى بىلەن داڭ چىقارغان مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇر مىللى نەغ-مىلىرى مىڭ يىلدىن كوپرەك تارىخقا ئىگە بولۇپ، جاراڭلىق، رەتلىك، سىستىمىلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىگى بىلەن پۇتكۇل تۇرك ئايىماقلىرىغىچە تارالغان.

1930 - يىللاردىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى نەغمىسى ناھايىتى تەرەققى قىلغان. نۇرغۇن مىللى تىياتىر ۋە ئەل-نەغمىلىرى قەشقەر، كۇچار، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا سەھ-نىگە چىقىپ، ئامما ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان. لىكىن، 1936 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە زالىم شىڭدوبەن خەلقنىڭ مىللى ئويغۇنۇش كەيپىياتىدىن ئولگىدەك قورقۇپ، خەلق ئارىسىدىكى نەغمىچىلەرنى تۇتۇپ، قاماپ، مىللى مە-دىنىيەتنى خانى - ۋەيران قىلدى. 10 نەچچە يىلغا سوزۇلغان دەھشەتلىك تىرورلۇق ۋە جاھالەتتىن كېيىن 1947 - يىللار-نىڭ ئالدى - كەينىدە ئۇيغۇر مىللى نەغمىسى يانا قايتىدىن باش كوتەردى. ئەينى ۋاقىتتا توقۇلغان بو قوشاقتا - خەلق-نىڭ مىللى ئويغۇنۇش ھىسسىياتى ۋە ئىلغار مەدىنىيەتكە بولغان تەلپۇنىشى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. مىللى مەدىنىيەت دۇش-

ـمەنلىرىگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتـى ۋە جەڭگىۋار ئىرادىسـى ئىپادىلەنگەن.

مىللى نەغمە سازىمىز،
كوڭۇل ئاچـار باغـمىز.
كەتتى بىزدىن قارا كۈن،
ئەمدى ئوينار چاغىمىز.

ئويناپ كۈلۈپ بارىمىز،
قولغا قورال ئالىمىز.
قارشى چىققان دۈشمەنىنىڭ،
ئېتىپ جېنىنى ئالىمىز.

## ئاچىل

شىڭ شـىسەي ھاكىمىيەت بېشىغاچىقىپ، سوۋېت ئىتتـىپاقى بىلەن دوست بولۇپ تۇرغان دەسلەپكى چاغلاردا، سوـۋېت ئىتتىپاقى سىياسى، ھەربى، ئىقتىسادى جەھەتلەردىن شىنـجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىنى قوللاپ، كوپ ياردەم بەرگەن ئىدى.

شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يولىنى تۇتۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يولىيورۇق سوراپ شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائاـرىپ، مالىيە، ساقلىقنى ساقلاش، ئاخبارات قاتارلىق ساھەلىـرىدە بىرمۇنچە ئىلغار سىياسەتلەرنى يولغا قويدى. سوۋېت ئىتتـىپاقىنىڭ ئىلغار تەسىرى ئارقىسىدا شىنجاڭدا كوناما ئارىپ ئىسلاھ قىلىنىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن نۇرغۇن يېڭى مەكتەپ، بىلىم يۇرتلىرى ئېچىلدى، پىئونېرلار لاگىرى قۇرۇلۇپ، تەنتەرـبىيە پائالىيەتلىرى قانات يايدى، نۇرغۇن دوختۇرخانا، داۋالاش ئورۇنلىرى، كىنو ـ تىياترخانىلار، باغچىلار ياسالدى،

قۇرۇلۇش - بىناكارلىق ئىشلىرى قايتا جانلاندى؛ دىنىي خۇراپاتلىقنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، كوپلىگەن يېزا- قىشلاقلاردا دېخانلارنىڭ ساۋات چىقىرىشىنى ئاساس قىلغان كەچكۇرسلىرى يولغا قويۇلدى،خوتۇن - قىزلار جەمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتى. ئۇلار ئىنقىلاۋىي ناخشىلارنى ئېيتىپ، يېڭىلىقنى، ئىلغارلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان نۇرغۇن ناخشا-ئۇسۇللارنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كورەشنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىغا، ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلارنىڭ خىيانەتچىلىك،پارىخورلۇق، مۇستەبىتلىك ھەركەتلىرىگە قارشى كورەشنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىغا، مىللى مەدىنىيەت ۋە مىللى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا تۇرتكە بولدى.

بۇ- ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدىكى بىر مىللى ئويغۇنۇش دەۋرى بولۇپ، قالاقلىقنى، كونىلىقنى رەت قىلىپ، چەتئەلنىڭ ئىلغار نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلىش، خۇراپاتلىق،نادانلىقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئىلىم-مەرىپەتنى سۆيۈش،ۋەتەن بىرلىگىدە چىڭ تۇرۇپ، دېموكراتىيە، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۇرۇشتە زور ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. بۇقوشاق ئەينى يىللاردا توقۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇر سەھنىلىرىدە ناخشا قىلىپ ئېيتىلغان. ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېڭىلىققا، ئىلىم-مەرىپەتكە، گۇللۇنۇپ راۋاج تېپىشقا تەلپۇنۇشتىن ئىبارەت مىللى روھى كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۇرگەن.

باغدا گۇللەر ئېچىلدى،
چىكەڭگە قىستۇرالامسەن؟
زوقلۇنۇپ ئويناپ- كۇلۇپ،
كوڭلۇمنى ئاچالامسەن؟

تىرەك بېشىدا قاغا،
پەرق ئېتىپ بىلەلەمسەن؟
ھۆسنۈڭدىن گۈل ئۈندۈرۈپ،
قىستۇرۇپ كىلەلەمسەن؟

تام تۈپىسكە تام سالدۇق
شامالغا دالدا بولسۇن دەپ.
يار تۈپىسگە يار تۇتتۇق،
يۈرەككە پايدا بولسۇن دەپ.

چاپتىم يورغا ئېتىمنى،
يايرىمغا گۈل قىساي دەپ.
كورۇپ ئوتتۇم بېغىمنى،
گۈزەل بوستان ياساي دەپ.

ئاچىل- ئاچىل-ۋاي ئاچىل،
ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا؟

تۇرپان خەلقى ئارىسىغا تارقالغان نۇسقىسىنىڭ تېكىستىنى
مەرھۇم شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يازغان ئىدى

گۈلۈم ئاچىلاي دەيدۇ،
باشقا سانجىلاي دەيدۇ.
يارىمنىڭ يۈرەك ئوتى،
تەنگە يامىشاي دەيدۇ.

يارىم ماڭا ناز قىلۇر،
كۆلۈپ مىنى ماز قىلۇر.
يار قەدرىنى بىلمەيسەن،
زىمىستاننى ياز قىلۇر.

يار دەردىدە خۇن بولدۇق،
تۈگمەنلەردە ئۇن بولدۇق.
قورقۇنچىڭدىن قاتتىق تاش،
بىرلىشەلمەي قۇم بولدۇق.

ياش تەلەپلەر ئۇخلاشما،
يار يولىدا پۇتلاشما.
يارىم ئۇچۇن جان پىدا،
ھەر قەدىمىڭگە مىڭ تىللا.

غەيرەت گۈلۈم ئاچىلغىل،
ھىممەت يولۇم ئاچىلغىل.
يارىم ئۇچۇن بەرسەم جان،
قاچان بولسا بىر ئۆلۈم،
ياكى ئۆلۈم ، يا كورۇم.

## سارىخان قوشىقى

سارىخان قوشىقى- ئەينى يىللاردا غۇلجىدا كەڭتارقال-غان قوشاقلارنىڭ بىرى. بۇ قوشاقتا باغۋەن قىزى سارىخاننىڭ خۇددى قىزىلگۈلدەك چىرايلىق، گۈزەل قىز ئىكەنلىكى، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقى، ئاتا- ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئەخلاقلىق، نومۇسچان، شەمە-ھاياسى بار قىز بولۇپ چوڭ بولغانلىقى، شۇ خىسلەتلىرى ئارقىلىق نۇرغۇن يىگىتلەرنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئاشىق- بىقارار بولغانلىقىدەك جەرىيانى بايان قىلىنغان. بۇ قوشاقنى ئاساسەن ياش يىگىتلەر توقۇغان.

سېپىلغا چىقىڭ باللا،
دوم-دومنى سوقۇڭ باللا.
پاششاپ، بەگ قوغلاپ كەلسە،
ئارقىغا قېچىڭ باللا.

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
ئالما تۈگمىدەك بوپتۇ.
كىچىككىنە سارىخان،
ئېلىپ قاچقىدەك بوپتۇ.

باغ ئىچىدە بوستانلار،
پاشىرىپتۇ چوكانلار.
سارىخاننىڭ دەردىدە،
ئاقتى كوزۈمدىن قانلار.

ئاقسارايدا ئولتۇرغان،
سارىخان مىنىڭ يايرىم.
كويەر ئوتقا سېلىپ قويغان،
بىخەۋەر جېنىم يايرىم.

گۇلزارنىڭ ئارا چوغلۇق،
گۇلزار ئىچى بۇلبۇللۇق.
گۇلنىڭ گۇلى سارىخان،
سىزگە سېغىنىپ قۇللۇق.

سارىخان قىزدىلگۇلدەك،
بىز ئىشقىدا بۇلبۇلدەك.
سارىخان كۇلۇپ قويسا،
خىزمەت قىلىمىز قۇلدەك.

سارىخان تىلى تاتلىق،
كوڭلىدۇر ئەجەپ قاتتىق.
ئىشىكتىن چىقالمايدۇ،
مەن كەلسەم كېچە ئاتلىق.

سارىخان كىچىك ياشلىق،
ئاي يۈزلۈك،قارا قاشلىق.
ئىشىككە چىقالمايدۇ،
ئاتا- ئانىدىن باشلىق.

## رىزۋانگۈل ھەققىدە

رىزۋانگۈل- شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ بىر ئايال جەڭچىسى. ئۇ، 1944 - يىلى غۇلجىنىڭ «ھەرەمباغ» دىگەن يېرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن بولغان شىددەتلىك كەسكىن جەڭگە قاتناشقان، مىللى ئارمىيىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە يارىدار بولغان جەڭچىلەرنى كۈتۈش، يوتكەش، داۋالاش ئىشلىرىنى ئىشلىگەن. بىر قېتىملىق جىددى جەڭدە ئۇ، بىر يارىدار جەڭچىنى داۋالاۋاتقان مەزگىلدە تۇيۇقسىز دۈشمەن ئوقى كىلىپ تېگىپ، مەرتلەرچە قۇربان بولغان. شۇندىن باشلاپ ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ ھەر بىر كوماندىر - جەڭچىلىرى ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ شەپقەتلىك ھەمشىرىسى سۈپىتىدە تىلغا ئالغان. ئۇنىڭ باتۇرلۇق ئىش - ئىزلىرىنى قوشاققا قوشۇپ، ناخشا قىلىپ ئېيتىشقان. رىزۋانگۈل دىگەن بۇ نام مىللى ئارمىيىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئۇلۇغ مىللى كورەشنىڭ ئوت - ئۈچقۇنلىرىنى ئۇلغايتىشىغا ئىلھام بەرگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۇرغۇن ياش قىز - يىگىتلىرى رىزۋانگۈلنىڭ روھىدىن تەسىرلىنىپ، قولىغا قورال ئېلىپ، مىللى ئارمىيىگە قاتنىشىپ، قەھرىمانلىق داستانلىرىنى ياراتقان.

بۇ قوشاقتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باتۇر قىزى، ئىنقىلاۋى قۇربان رىزۋانگۈلنىڭ ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ياشلىق ھاياتىنى بېغىشلاپ، ئوقلار يامغۇردەك يېغىۋاتقان جەڭلەردە ئۆزىنى ئۇنۇتۇپ، يارىدارلارنى قۇتقازغان ئۇلۇغۋار روھى مەدھىلەنگەن. ئۇ گەرچە قۇربان بولسىمۇ، «مەڭگۈ تۇزىماي ئېچىلىپ تۇرغان گۈل» سۈپىتىدە ئەۋلاتتىن - ئەۋلات خۇشپۇراق چاچىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

خەۋەر كەلدى گويا بىر ،
"سولدى"،دېگەن قىزىل گۈل .
ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا ـ
ئەمەسمىدى رىزۋانگۈل .

ئەل داڭقىنى يات قىلىپ ،
دۈشمەنلەرنى ئېتىپ كۆل .
بەل باغلىغان جەڭلەردە،
ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈل .

ئۇنتۇلسۇنمۇ ؟... ھېچ قاچان ،
ئۇنتۇلمايدۇ رىزۋانگۈل .
ئوبىر توزىماي ئېچىلىپ ،
تۇرغان ئەسلى قىزىل گۈل .



# ئامنەم ھەققىدە

ئامنەم-ئاتۇشنىڭ شورۇق دىگەن جايىدىن. 1944-يىلى يازدا ئاستىن ئاتۇشتا شىنجاڭ تارىخىدا مىسلى كورۇلۇپ باقمىغان بىر قېتىملىق چوڭ سۇ ئاپىتى يۈز بەرگەن. كەلكۈن سۇ تىجەن بىلەن مەشھەت ئارىلىغىدىكى چوڭ جىلغىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، ئاتۇشنىڭ نۇرغۇن يېزا-قىشلاقلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن، نۇرغۇنلىغان تېرىلغۇ يەرلەر، زەل-زىرائەتلەر، داۋۇدەرەخ، ئۆي-جايلار سۇ ئاستىدا قالغان. نۇرغۇن ياشانغان كىشىلەر، ئەر-ئايال، ئۇششاق باللارنى كەلكۈن سۇ ئېقىتىپ كېتىپ جىنىغا زامىن بولغان. يۇرت ئىچىدە قوشاق ئېيتىش بىلەن تونۇلغان ئامنەم دىگەن ياش قىزنىمۇ ئەنە شۇ قېتىمقى كەلكۈن ئاپىتىدە سۇ ئېقىتىپ كېتىپ، جەسدى جىلغىنىڭ ئايىغىدىكى بىر لايلاگدىن تېپىلغان، ئۇنىڭ ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇققانلىرى، يارۇ-بۇرادەرلىرى ۋە ئۇنى تونۇيدىغان كىشىلەر ئۇنى ئەسلەش يۈزىسىدىن بۇ قوشاقنى توقىغان.

ئامنەمۇ-ئامنەم،
لايغا پاتقان ئامنەم.
لايىنىڭ تېگىدە يېتىپ،
بېيىت قاتقان ئامنەم.

ئامنەمنىڭ چېچىنى،
ئاق ناۋاتتا پاتىلغان.
ئامنەم چىرايلىقنى،
ئەمەت ئىمىنگە ساقلىغان.

قوتاندا كالا مورەيدۇ،
ئامىنەمنىڭ كالاسى.
قوشاق قىتىپ يىغلايدۇ،
ئامىنەمنىڭ ئاناسى.

ئامىنەمنىڭ بېغىدا،
چىلگە ئۈزۈم پىشىپتۇ.
تولۇنئايدەك ئامىنەم،
لاي تېگىدە يېتىپتۇ.

ئانا دىدىڭمۇ ئامىنەم،
دادا دىدىڭمۇ ئامىنەم.
مىنىڭ بەختىم ئەزەلدىن كاژ،
خۇدا دىدىڭمۇ ئامىنەم.

## قەمبەرنىسا قوشىقى

بۇ قوشاق جەنۇبىي شىنجاڭدا ناخشا سۈپىتىدە كەڭ تارقالغان.

قەمبەرنىسا ۋەقەسى 1943- يىللىرى ئاتۇشتا يۈز بەرگەن. بىر ياشانغان دىخان ئايىلى بولۇپ، ئۇ، دوپپا تىكىشكە ناھايىتى ئۇستا ئىكەن. ئۇنىڭ مەرەمنىسا ۋە قەمبەرنىسا دىگەن ناھايىتى كىلىشكەن ئىككى قىزى بار ئىكەن. ئۇلار ئانىسىدىن ئۈگىنىۋالغان دوپپا تىكىش ھونىرىگە تايىنىپ تۇرمۇش كوچۇرىدىكەن. شۇ يىللاردا مەرەمنىسا بويىغا يىتىپ، ياتلىق بولۇپ غۇلجىغا چىقىپ كىتىپتۇ. ئۇيدىكىلەرنىڭ ھال-ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغان بىرەر ئادەم بولمىغانلىقتىن، ئانىسى كىچىك قىزى قەمبەرنىسانى شۇ يۇرتتىكى بىر قېرى كىشىگە خوتۇنلۇققا بەر مەكچى بولۇپتۇ. بىراق، قەمبەرنىسا بۇ ئىشقا پەقەت قوشۇلمايدىكەن، رازى ئەمەس ئىكەن. شۇ ۋاقىتتا غۇلجىدىكى ئاچىسى مەرەمنىسانىڭ ئاغ-

رىپ يېتىپ قالغانلىغى توغرىسىدىكى خەۋەر ئاتۇشقا يېتىپ كەپتۇ. قەمبەرنىسانىڭ ئانىسى چوڭ قىزىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى بىئارام بولۇپتۇ ۋە ئاخىرى قىزىنى كورمەك بولۇپ غۇلجىغا يولغا چىقىپتۇ. لېكىن مەرەمنىسانىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، ئۇزۇن ئۇتمەي ئولۇپ كېتىپتۇ. چوڭ قىزى مەرەمنىسادىن ئايرىلغان ئانا كوتۇرۇپ قوپقىسىز دەرت - ئەلەملەرنى ئىچىگە يۇتۇپ، غۇلجىدىن ئاتۇشقا قايتىپتۇ. ئۇ تېخى يۇرتقا قايتىپ كەپ بولغىچە يوقسۇللۇق دەردىنى تولا تارتقان، ئوزىنىڭ ئىختىيارلىقىسىز توي قىلىشقا ئۇنىمىغان كىچىك قىزى قەمبەرنىسا ئوزىنى بولاققا تاشلاپ ئولۇۋاپتۇ. ئارقا - ئارقىدىن بىر ئويدىن ئىككى كىشى ئولۇپ كەتكەنلىكتەك ئېچىنىشلىق ۋاقەگە ئاساسەن ئۇنىڭ ئانىسى ۋە يۇرت- مەھەللىدىكىلەر بۇ قوشاقنى توقۇغان.

قەمبەرنىسا بىر گۇل ئىدى،
شېخىدا سايرىغان بۇلبۇل ئىدى.
ئول بىر خۇدانىڭ تەقدىرى،
ئىككى قىزىمدىن ئايرىدى.

بىر قولىدا باردۇر قايچىسى،
بىر قولىدا باردۇر يىڭنىسى.
بۇلتۇر ئولۇپتۇ ئاچىسى،
بۇ يىل ئولۇپتۇ سىڭلىسى.

قەمبەرنىسا سۇغا چوكۇپ،
سۇدىن چىقىپ لايغا پېتىپ.
ئومرۇم ئوتەر يىغلاپ يۇرۇپ،
قارا كوزۇمدىن ياشلار ئېقىپ.

جىنىم بالام قەمبەرنىسا،
ئوتتۇڭ يامان مەرەمنىسا.

## ئاق دادام

ئەينى يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نۇرغۇن ھۇنەرۋەن-كاسىپلار ھايات كوچۇرۇشكە يول ئىزدەپ، يىگىت- قىزلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ غۇلجىغا چىقىپ ئورۇنلىشىپ، ئوي - ئوچاقلىق بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلار ئوزلىرىنىڭ ئېزىز يۇرتىقەشقەرنى ئەسلەپ، نۇرغۇن قوشاقلارنى توقۇغان.

بۇ قوشاق ئەنە شۇ يىللاردىكى ياش يىگىت- قىزلارنىڭ سېغىنىش ھىسسىياتىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئاق دادام-ئاپپاق دادام،
قەشقەرگە بارغىم كېلىدۇ.
ئاق سارايىنىڭ ئالدىدا،
تاماكۇ تارتقۇم كېلىدۇ.

ئاق سارايىنىڭ قىزلىرى،
لاچىنمىكىن، قۇرغۇيمىكىن؟
قولىدا ئالتۇن ئۈزۈك،
ئاشىقلىرى زەرگەرمىكىن؟

# ئۇيغۇر خەلق تارىخى قوشاقلىرى

تويلاپ رەتلىگۈچى: ئۇچقۇنجان ئۈمەر

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى.

قەشقەر گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.

1981 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى.

1981 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى

سانى : 22،500

باھاسى 0.30 يۈەن

كىتاب نومۇرى: m 10264.2

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:
ئەنۋەر تۇرسۇن

باھاسى: 0.30 يۈەن
定价：0.30元